

مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

# مىراس

美拉斯

1
2014

ISSN 1004-3829

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# پروفېسسور ئوسمان ئىسمايىل تارىم



ئوسمان ئىسمايىل تارىم 1958 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شايار ناھىيەسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى، ماگىستىر ۋە دوكتور يېتەكچىسى.

ئوسمان ئىسمايىل تارىم «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ژانىرلار»، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «چەكسىزلىككە ئىنتىلگەن روھ» قاتارلىق يىرىك ئىلمىي ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇردى، «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» (2) ناملىق كىتابنى تۈزدى، ئون نەچچە كىتابنى يېزىشقا قاتناشتى. دۆلەت، ئۆلكە ۋە نازارەت دەرىجىلىك بەش تەتقىقات تۈرىگە يېتەكچىلىك قىلدى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى خەنزۇچە، رۇسچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە ئىلمىي ژۇرناللاردا 70 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. يېقىندا يەنە ئۇنىڭ «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرى نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

ئوسمان ئىسمايىل تارىمنىڭ ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 4 - قېتىملىق ئىجتىمائىي پەنلەر نەتىجىلىرىنى باھالاشتا «ياشلارنىڭ نادىر ئەسىرى» مۇكاپاتىغا، 9 - قېتىملىق باھالاشتا « 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات»قا ۋە «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى»، «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» قاتارلىقلارغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئۆزى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەرىپىدىن «ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدىكى يۈز ئەلا شەخس» بولۇپ باھالاندى. ئۇ يەنە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم مۇكاپاتلاندى.

ئوسمان ئىسمايىل تارىم ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنىنىڭ تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى، ئاپتونوم رايونلۇق غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتى مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپلىك پروفېسسورى، شۇنداقلا «جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى» قاتارلىق ئون نەچچە ئىلمىي تەشكىلاتنىڭ ھەيئىتى ياكى ئەزاسى.

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال

2014 - يىل 1 - سان

(ئومۇمىي 141 - سان)


## يوروۇق يۇلتۇزلار

ئەلۋىدا، كۆلكە سۇلتانى ........................ ماخمۇت مۇھەممەت (1)
موللا زەيدىن كىم ........................ ئەركىن مۇھەممەت خاقان (12)

## يېمەكلىرىمىز

ئۇيغۇرلاردا ئائىلىدە تەييارلانغان مېۋە شەربىتى --- مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن (18)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

پادىشاھ ........................ تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (21)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى ئۆلۈم، تاشقى قىياپەت ۋە ئىگ (كېسەللىك
ئاتالمىلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ........................ ئىسرائىل مۇتىللا (26)

## مىراسىمىز

ئۇيغۇرلارنىڭ يوتقان-كۆرپە، تەكىي-ياستۇقلىرى --- ئابدۇقەييۇم مىجىت (36)
ئازنا مەسچىت ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدە بىناكارلىق قۇرۇلمىسى --- ئەركىن ئاۋۇت (60)
ھاۋانچا ........................ ئابدۇكېرىم تۇردى (64)

## ۋەسىقىلەر

قەشقەر تېكىستلىرى ........................ تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ (44)

## دۇنيا مىراسى

خاتۇشا (خىتىم شەھىرى) ........................ مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (47)





نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:
**ئازاد سۇلتان** (پروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى)
مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
(قانۇنىي ۋەكىل، ئالىي مۇھەررىر)
جاۋابكار مۇھەررىر: **خۇرسەنئاي مەتىمىن** (مۇھەررىر)
مۇھەررىرلەر: **نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەتىمىن**
**ئەزىزەم تۇيغۇن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 - 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
جەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

## ئايدىلىڭ كېچىلەر

بۇيلۇقتىكى يارىمغا ………… توپلىغۇچى: پەتتار تۇرسۇن ئىدىقۇتى (49)

## ژۇرنال ۋە مۇھەررىر

مۇھەررىرلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى ھەققىدە . . . دىلئارام ماخمۇت (52)

## يىلتىزسىز دەرەخ بولماس

تەكلىماكاندىكى ئابىدە ــ مازار تاغ ……… مەتسەئىدى مەتقاسىم (55)

## پەرھىزلىرىمىز

ئۆرپ-ئادەتلىرىمىز ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ئىپادىلىرى …………
…………………………………… ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (66)

## ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس

ئۇيغۇرلاردا پىچاقچىلىق ھۈنەر سەنئىتى ۋە يېڭىسار پىچىقى …………
…………………………………… مۇھەممەتئېلى ئەنۋەر (72)

بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 30 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 30 يىللىق شانلىق تارىخىدا 141 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!

بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەزىزەم تۇيغۇن
تەكلىپلىك كوررېكتور: مۇنىرە مۆمىن
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس
مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: «ئۇيغۇر قىزى» ئابدۇكېرىم نەسىردىن سىزغان
مۇقاۋىنىڭ 3 ـ بېتىدىكى سۈرەتلەرنى تۇرسۇنمۇھەممەت ئوسمان تارتقان

Chief editor: Azad Sultan
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin

# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园

社长，总编：
阿扎提·苏里坦
教授，博导
副社长，副总编：
木合塔尔·买买提
（编审，法人代表）
本期责任编辑：
努尔尼沙·巴克（副编审）
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪
主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联 14 层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E_mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00 元
Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federa_tion of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥

# ئەلۋىدا، كۆلكە سۇلتانى

(ئەسلىمە)

**ماخمۇت مۇھەممەت**



1

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى، ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەرگە نامى تارالغان چاقچاق پېشۋاسى، تەڭداشسىز سۆز چېچەنى، يېرىم ئەسىردىن بېرى «زامانىمىزدىكى نەسىردىن ئەپەندى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ھېسام قۇربان ئۇزاق مەزگىللىك كېسەللىكتىن كېيىن خەلقىمىزنىڭ قەلبىنى ھەسرەتتە قالدۇرۇپ 2013 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يەكشەنبە ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 16 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، بەختكە قارشى داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي غۇلجا شەھىرىدىكى ئۆز ئۆيىدە ۋاپات بولدى، مەرھۇم بۇ يىل 83 ياشتا ئىدى.

ھېسام قۇربان 1930 - يىلى 6 - ئايدا غۇلجا شەھىرىنىڭ شەھەر ئىچى ئوردا مەھەللىسىدىكى بىر تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1940 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە شەھەر ئىچى بەيتۇللا مەدرىسىدە ئوقۇغان، كېيىنچە ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي، تاكى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانغا قەدەر ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1951 - يىلىدىن 1961 - يىلىغىچە ئىلى ۋىلايەتلىك ۋە غۇلجا ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ سەنئەت ماھارىتى ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ يۇقىرى باھاسى ۋە ئالقىشىغا ئېرىشكەن. 1961 - يىلى غۇلجا ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكى تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇ تۇرپانيۈزى، گەمە قاتارلىق يېزىلاردا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1966 - يىلىنىڭ ئاخىرى غۇلجا شەھەرگە قايتىپ كېلىپ، تاكى 1980 - يىلىغىچە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرىگە قاتنىشىپ ئۆز ماھارىتىنى داۋاملىق نامايان قىلغان ۋە بۇ جەرياندا ئەل ئارىسىدا چاقچاقچىلىق نامى چىققان. 1980 - يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ مەركەزدىن ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن سەنئەت ئەھلىگە ماھارەت كۆرسىتىپ، زور ئالقىشقا ۋە يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇنىڭ خىزمىتى ئەمەلىيلىشىپ، غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا ئورۇنلاشقان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تاكى پېنسىيەگە چىققىچە ھەر خىل سەنئەت پائالىيەتلىرىدە ئۇرغۇپ تۇرغان تالانتىنى، چاقچاقچىلىق ماھارىتىنى نامايان قىلغان ھەمدە ئەل قەلبىدىكى چولپانلىق ئورنىنى تىكلىگەن.

ھېسام قۇربان ئۇيغۇر لەتىپە- چاقچاقچىلىق سەنئىتىنىڭ كاتتا باشلامچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ھازىر جاۋاب چاقچاقلىرى ھەر دائىم كىشىلەرنىڭ دىققەت مەركىزىدە ئۆتكۈر ھەجۋىيلىرى ھەر مىللەت چاقچاق شەيدالىرىنىڭ قەلب تۆرىدە بولاتتى. ئۇ بار جايدا كۆلكە ئۆكسىمەيتتى.

uyghurkitap.com



باغلاردا، خامانلاردا، ئەمگەك سورۇنلىرىدا ئۇنىڭ ئاجايىپ خۇشناۋاسى ۋە مەنىگە باي چاقچاقلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ مېهنەت خۇشلۇقى ۋە هايات زوقى ئۇرغۇپ تاشاتتى. ئىلى دىيارىدىكى هەممە چاقچاقچىلار ئۇنى ئۇستازىمىز دەپ بىلىشەتتى، ئۇنىڭ بىلەن غۇلجا، شىنجاڭ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى پەخىرلىنەتتى.

هېسام قۇربان ئاكا ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق چاقچاقچىلىق هاياتىدا كۆپلىگەن نام ۋە شان-شۆھرەتلەرگە ئېرىشتى. ئۇ مەملىكەتلىك خەلق ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو هېكايىچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ هەيئەت ئەزاسى ئىدى. خەلق ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە زور هەسسە قوشقان بۇ هۆرمەت ساهىبىغا 2010-يىلى ۋە 2013-يىللىرى ئىككى قېتىم ئايرىم-ئايرىم هالدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋە دۆلەت دەرىجىلىك «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى چاقچاق ۋارىسى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەنىدى.

هېسام قۇربانىنىڭ ۋاپاتى خەلقىمىز ئۈچۈن، سەنئىتىمىز ئۈچۈن زور يوقىتىش. ئۇ هايات مەزگىلىدە هەر دەرىجىلىك پارتىيە، هۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە، تۇرمۇشىغا ئىنچىكە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەنىدى. ئاغرىپ ياتقان چاغلىرىدا ئەزىز خەلقىمىز، هەر دەرىجىلىك رەهبەرلەر، دوست-يارەنلەر، كەسپداشلار مەرھۇمنى دائىم يوقلاپ تۇردى.

تۇپرىقىڭىزدىن قىزىلگۈللەر ئۈنسۇن قەدىردان قۇربان ئاكا، بىز سىزنى هەر دائىم ئەسلەيمىز، سېغىنىمىز. ئەلۋىدا كۈلكە سۇلتانى!

2

تۇنۇگۈنكى يۇمۇرلۇق يىگىت،
كىرىپ قاپسەن بۇگۈن يەتمىشكە.
جاۋاب بېرىپ كەلگىنىڭ تۆهپە،
چاقچاق بىلەن جىمى كەچمىشكە.

ئاسان ئەمەس سەندەك ياشماق،
يولاتماستىن قايغۇ-ئەلەمنى.
يىغلىغانغا ئۆزۈڭ تەسەللى،
قايغۇرغانلار ئۇنتۇيدۇ غەمنى.
بىز يىغلىغان يىللار ئاز ئەمەس،
هەتتا هەركىم جانىدىن غەم يېگەن.
بىرەر سۆزنى ئاڭلىماپتىمىز،
ئەمما «هېسام يىغلاپتۇ» دېگەن.

ۋادىمىزنى لەرزىگە سالغان،
ناخشىدىن ئۈز چاقچاقلىرىڭ بار.
ياندۇرىدۇ يانمىغان ئوتنى،
چاقچاقلاردا چاقماقلىرىڭ بار.

سېنىڭ روهىڭ — ئىلىنىڭ روهى،
خەلقىمىزنىڭ بىر بايلىقى سەن.
ئۆز-ئۆزۈڭنى يۇرمە كەمستىپ،
جىمى ئەلنىڭ چىرايلىقى سەن...

ئاتاقلىق شائىر مۇهەممەدجان راشىدىننىڭ هېسام ئاكىنىڭ 70 يىللىق يوبلىيىدا ئوقۇغان شائىرى مېنىڭ شۇ ئۇنتۇلماس مۇهاكىمە سورۇنىدا سۆزلىگەن سەممىي كۆڭۈل سۆزۈمنى يادىمغا سالدى. هېسامكا، يادىڭىزدا بارمۇ، شۇ كۈنى مەن ئۆزۈمنىڭ شۇ قېتىمقى ئۇنتۇلماس مەرىكىڭىز ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئازدۇر-كۆپتۇر ئەجرىم تۆپەيلى هاياجانلانغان هالدا مۇنبەرگە چىقىپ قەلب سۆزلىرىمنى تۆۋەندىكىچە ئىزهار ئەتكەنىدىم.

— «خاسىيەتلىك 2000-يىلنىڭ ياز بىلەن كۈز قۇچاقلاشقان ئالتۇن پەيتىدە بىز خۇشاللىق ئىلكىدە بۇ يەرگە جەم بولۇپ خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى، ئاتاقلىق سۆز چېچەنى هېسام قۇربان ئاكىنىڭ چاقچاقلىرىنىڭ تويىنى ئۆتكۈزمەكتىمىز. بۇ تويغا ئۇلاشقان دوستلارغا، جۈملىدىن 70 ياشلىق قۇتلۇق يىلدا چاقچاقلىرى ۋىسالىغا يەتكەن هېسام ئاكىغا ئوخشاشلا مەنمۇ بۈگۈن شادلانماقتىمەن، هاياجانلانماقتىمەن.

شۇنداق، شادلىقىمنىڭ سەۋەبى بار، هاياجىنىمنىڭ بايانى بار.

بۇنىڭدىن 32 مۇقەددەم مەن تېخى 16ياشلىق بالا ئىدىم. كىتابقا، ئەدەبىياتقا مەپتۇنلۇق، بالايىئاپەتلىك مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ قۇيۇنلۇق دەسلەپكى شۇ يىللىرىدىمۇ ئۆزۈم ئوقۇپ هارمايدىغان سالتىكوۋشىدرىن، گوگول، چېخوپىنىڭ كىتابلىرىدىن كەلگەن، نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ ئاجايىپ لەتىپىلىرىدىن يۇقۇقان، قىزىقچى تەبىئەتلىك ئاتام مۇهەممەد جامالنىڭ خىسلىتىدىن سىڭگەن

چاقچاق، لەتىپىگە زوقمەنلىك ۋۇجۇدۇمدا زاھىر ئىدى.
خۇددى شۇنداق پەيتلەردە مەن تاسادىپىي ھېسام چاقچاق-
لىرى بىلەن ئەڭ دەسلەپتە تونۇشتۇم.

1967 - ، 1968 - يىللىرى غۇلجىدا ھېسام ئىسىملىك
بىر قىزىقچىنىڭ بىر مۇنچە لەتىپسىمان سۆزلىرى ئەل ئى-
چىدە تارقىلىپ يۈردى، ھېسام ئاكىنىڭ «مەن كەتمەن-
خۇي»، «ئىچسەممۇ- ئىچمىسەممۇ مەست» قاتارلىق 19
چاقچىقى 1968 - يىلى ئاۋغۇستتا «يېڭى پارچە لەتىپىلەر»
نامىدا كۆچۈرۈلگەن دەپتىرىم ھازىرغىچە بار، يەنە شۇن-
مۇ ئەسلىگەچ كېتەيكى شۇ يىللاردا ھېسام ئاكىنىڭ ئېغىزى-
دىن تارقالغان «شاما قىلىۋېتىمىز» دېگەن ئىبارە
خەلقنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئارىسىدا مەشھۇر بازارلىق
مال سۈپىتىدە كېزىپ يۈرگەنىدى. باللىق قىزىقىشىمدىن-
مىكىن، شۇ ئۇخشاتمىنى تېما قىلىپ يازغان ئەڭ دەسلەپ-
كى خام- خوتا بىر نەچچە ئاتالمىش «ھېكايەم» مۇ ھېلىمۇ
دەپتىرىمدە ھېلىغىچە ئەستىلىك بولۇپ ساقلانماقتا.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھېسام ئاكىنىڭ نامىمۇ قا-
ناتلىنىشقا، ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىللىق، ھازىر جاۋاب، كۈلكىگە
تويۇنغان گەپلىرىمۇ گاھ لەتىپە، چاقچاق سۈپىتىدە ئەل
ئىچىدە ئاۋۇشقا، داڭقى ئېشىشقا باشلىدى. ئەلۋەتتە مەنمۇ
بۇ قىزىق سۆزلەرنى ئىشتىياق، ئىجتىھات بىلەن يىغىپ
توپلاپ، قاش- كۆز ياساپ، لەتىپە شەكلىدە قەلەمگە
ئېلىش مەشغۇلاتىمنى داۋام ئېتتۈەردىم. لەتىپە- چاقچاقلار-
نىڭ سانىنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈنمىكىن تالڭ ياكى باشقا ئېھتى-
ياج، ئىلھامنىڭ قىستىشىدىنمىكىن، پەيزىم تۇتۇپ كەتسە
ئۆزۈممۇ ئانچە- مۇنچە توقۇۋېتىپ قالاتتىم. شۇنداق
قىلىپ 1977 - يىلى مەن ھېسامكامنى ئوچۇق ئېنىق ھالدا
كۆرۈپ تونۇشقانغىچە بولغان مەزگىل مابەينىدە ئۇنىڭ
مەن توپلىغان لەتىپە- چاقچاقلىرى 100دىن ئېشىپ كەتكە-
نىدى. بۇ لارنىڭ تەگدىن تولىسى ھېسامكامنىڭ مەدەنىيەت
زور ئىنقىلابى، دوپىگەي يىللىرىدا قىلغان مەشھۇر سۆزلە-
رى بولۇپ، كۆپچىلىككە ئىنتايىن تونۇشلۇق، كېيىنكى
ئىشلار مەن كۈتكەن ۋە ئويلىغاندىنمۇ تېز ۋە ئوڭۇشلۇق
بولدى. مېنىڭ ھېسام چاقچاقلىرىنى توپلاش رەتلەش ئىش-
تىياقلىق مەشغۇلاتىمدىن خەۋەردار بولغان مەرھۇم
تۇرسۇن زېرىدىن ئاكا، يەنە غوجا ئەخمەت يۇنۇس،
روزى ئابدۇۋەلى ئاكىلار ماڭا قول قانات ۋە مەسلىھەت-
چى بولدى. ئۇلار ئارقىلىق مەن ھېسام ئاكا بىلەن تو-
نۇشلۇقۇمنى كۈچەيتتىم، ئۇچرىشىشمنى كۆپەيتتىم. ھېسام
ئاكىنىڭ ئىپسىدە بولۇشى مۇمكىن، شۇ يىللاردا بىز نەچچە
قېتىم مەخسۇس ھالدا بىزنىڭ ئۆيىدە ياكى باشقا جايدا
چاقچاق ئېيتىشىش ۋە قەلەمگە ئېلىش سورۇنلىرىنى
تۈزۈپ، ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ قەلەمگە ئېلىنىشىنى تېخىمۇ
تېزلەتكەندۇق، بۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق بولاتتى: باشقىلار
ھېسامكام بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ جىمكى كونا چاقچاقلىرى-
نى بىرمۇبىر، قېتىرقىنىپ ئەسلەيتتى ياكى ئاتاقلىق قىزىق-
چىلاردىن بىرى بولغان روزى ئابدۇۋەلى ئاكا قاتارلىقلار
دەممۇدەم چاقچاق قىلىشىپ ھېسامكامنى غىدىقلايتتى.
بۇنداق چاغلاردا ھېسامكامنىڭ ئېغىزىدىن يېڭىدىن- يېڭى
گەپلەر، ئۇخشاتمىلار تۆكۈلەتتى. ھەر ئىككىلا ئەھۋالدا
مەن قەلەمنى قولۇمغا ئېلىپ تېز خاتىرىلەيتتىم. بەزىدە
بۇنداق كېچىلەر تاڭغا ئۇلىشاتتى. 1980 - يىلى مەن تەلىيىم
كېلىپ، غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ھېسامكام ۋە
مەرھۇم داۋۇتجان ناسىر ئاكا بىلەن خىزمەتداش بولۇپ
قالدىم. ئۇ كەملەردە ھېسامكام ۋە داۋۇتجان ئاكىنىڭ
توي- تۆكۈن، ئولتۇرۇشلاردا بازىرى ئىتتىك ئىدى. مەن
بولسام ئۇ ئىككەيلەننىڭ، بولۇپمۇ ھېسامكامنىڭ تەكلىپى
بىلەن «ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ توپلىغۇچىسى» سالاھىيتىدە
ئۇ بارغان كۆپىنچە سورۇنلاردا بىللە بولاتتىم ۋە تېز
ئاتار ھېسام ئاكىنىڭ يېڭىدىن- يېڭى چاقچاقلىرىنى «ئەنگە
ئالاتتىم»، شۇنداق قىلىپ 1980 - يىلى 400 چاقچاقتىن
تەشكىل تاپقان تۇنجى «ھېسام چاقچاقلىرى»نى شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتىغا ئەۋەتىپ بەردىم. ئەلۋەتتە ئۇ چاغدا
كىتابنىڭ نامى «ھېسام لەتىپىلىرى» ئىدى. ھېسام چاقچاق-
لىرى ئۈستىدە سۆز بولسىلا ئالدى بىلەن يادىمغا ئۇستاز
مەرھۇم شائىر تېيىپجان ئېلىيىف كېلىدۇ. تېيىپجان ئاكا
مېنىڭ ھېسامغا ئائىت جاپالىق ۋە خاسىيەتلىك ئەمگىكىمگە
يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. ئۇنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى ھېلىمۇ
يادىمدا: «ماخمۇت خەلقىمىز ئىچىدىكى بارلىق يېڭىچە لە-
تىپە، چاقچاقلارنى توپلاپ، ھازىرچە ھېسامنىڭ نامىدا
نەشرگە سۇنۇڭ، ۋاقتى كەلگەندە غېزىنى غاز، ئۆردىكنى
ئۆردەك قىلىۋالىمىز، ھازىر چىققىنى ئەۋزەل». كۆپچىلىك-
كە مەلۇم، ئىلى چاقچاق ماكانى، بۇ ئەزىز ماكاندا ئاۋۋال-
مۇ، ھازىرمۇ كونا- يېڭى، قېرى- ياش سۆز چېچەنلىرى
ئەلۋەك ياشىغان ۋە ياشىماقتا. ھالبۇكى ئۇلارنىڭ كۆپ
قىسمى ئۆزلىرىنىڭ بىر مۇنچە سەرخىل لەتىپە، چاقچاقلى-
رىنى تاماسىز ۋە تەمەنناسىز ھالدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئە-
دەبىياتىغا ئاتىغان. ئەمگىكىمنىڭ تۇنجى مېۋىسى بولغان،

قايتا-قايتا كېڭىشىش ئارقىلىق نامى «ھېسام چاقچاقلى-
رى» دەپ بېكىتىلگەن ئەڭ دەسلەپكى چاقچاقلار 1980-
يىلى 4-ئايدا مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل تارماقلارنىڭ قوشۇ-
لۇپ بېكىتىشى ۋە كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى
بىلەن «ئىلى گېزىتى» نىڭ ئەدەبىيات بېتىدە ئېلان قىلى-
نىپ زور زىلزىلە قوزغىدى ھەمدە مېنىڭ بۇ ساھەدىكى
يەنىمۇ چوڭ قەدەمىمگە ئىلھام ئاتا قىلدى. 1982-يىلى 3
-ئايدا «ھېسام چاقچاقلىرى» ناملىق تۇنجى كىتابىم
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقى-
تىلدى. تۇنجى كىتابىنىڭ تىرازى 30 مىڭ ئىدى. شۇ
كىتاب ئاساسىدا جاۋ شىنجي تەرجىمە قىلغان «ھېسام چاق-
چاقلىرىدىن تاللانما» ناملىق خەنزۇچە كىتابمۇ تەڭلا
نەشر قىلىنىپ، ئىسمى ئۇتلۇق ھېسام ئاكىمىزنىڭ داڭقىنىڭ
دەسلەپكى قەدەمدە ئەلگە مەشھۇر بولۇشىغا ئاساس تىكلى-
دى.

ماقالەمنىڭ بېشىدا قەيت قىلغىنىمدەك، ئۇيىلاپ
باقسام ھېسام چاقچاقلىرىغا ئەجىر قىلىۋاتقىنىمغا 30 يىلدىن
ئېشىپراق قاپتۇ. خۇلاسە كالام، ھازىرغىچە 800 دىن
ئارتۇق ھېسام چاقچىقىنى توپلاپ رەتلەپتىمەن. 1982-يى-
لىدىن 1995-يىلىغىچە «ھېسام چاقچاقلىرى» ناملىق بەش
كىتابىم ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىندى. 1998-يىلى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئالدىنقى تۆت كىتابنى مەن يې-
ڭىدىن تەييارلىغان ئالتىنچى كىتابقا قوشۇپ، ئۇزاق يىللىق
تەتقىقاتىمدىن تامچە بولمىش «ھېسام ۋە ھېسام چاقچاقلى-
رى» ناملىق يىرىك ماقالەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر
قەدەر مۇكەممەل توپلام ــــ «ھېسام چاقچاقلىرى»نى
نەشر قىلدى. مۇشۇ كىتابلار ئاساسىدا تەرجىمە قىلىنغان
تۆت خەنزۇچە كىتابمۇ شۇ يىللاردا يورۇق كۆردى.
ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق ۋە باشقا مىللەت تىللىرىدا گېزىت-
ژۇرنال، مەجمۇئەلەردە ئېلان قىلىنغان، رادىيو-تېلېۋى-
زورلاردا ئاڭلىتىلغان «ھېسام چاقچاقلىرى» بولسا ساناق-
سىز، بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق ئىچكىرى ئۆلكە، شە-
ھەرلەردە، چەت ئەللەردە «ھېسام چاقچاقلىرى» ھەرخىل
تىل، يېزىقلاردا نەشر قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلدى. بۈگۈنكى
كۈندە ھەتتا مەخسۇس ھېسامشۇناس تەتقىقاتچىلارمۇ بار-
لىققا كەلدى. «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى»گە
ھېسام چاقچاقلىرى مەخسۇس تەركىب سۈپىتىدە كىرگۈ-
زۈلدى. مەملىكىتىمىز ۋە خەلقئارادا ھېسام قۇربان «زاما-
نىمىزنىڭ ھايات نەسرىدىن ئەپەندىسى» دېگەن كاتتا
تاجنى كىيدى. مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك خىزمەتكە باشلام-
چى بولۇپ ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى تول-
مۇ بەختلىك ھېسابلايمەن. «ھېسام چاقچاقلىرى » قازسا
تۈگىمەيدىغان بىر ئالتۇن كان، «ھېسام ۋە ھېسام چاق-
چاقلىرى»نىڭ يىلتىزى بىزنىڭ ئۇلۇغ خەلقىمىزنىڭ ئارى-
سىدا، قەلبىدە، سۆيۈملۈك ھېسام ئاكىمىز رىۋايەت ۋە
يېرىم رىۋايەت تۈسىنى ئالغان شەخس ئەمەس، بەلكى ھە-
قىقىي، رېئال شەخس، بۈگۈن مانا ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا
ئۆزىنىڭ ئاجايىپ مەلىكىلىك مېھنىتى، تۆھپىسى بىلەن ئۇ-
لۇغلىنىپ، ھەممىمىزنى قايىل قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ ۋە بىز
بۈگۈن ئۇنىڭ قىزىقارلىق ھاياتىغا، مەنىلىك ئەمگىكىگە
مۇناسىپ كاتتا باھا بەرمەكتىمىز. ھېسام چاقچاقلىرى ئۆز
كۈچ-قۇدرىتى، خىسلىتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى باي-
لىقىغا ئايلىنىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇ-
لۇشىمىزنىڭ يۈكسىلىشىگە جانلىق تۆھپە قوشماقتا. ھېسام
ئاكىمىزنىڭ ئالتۇن بويى ئامان بولغاي، چاقچاقلىرى ئىلى
دەرياسىنىڭ شاۋقۇنلۇق سۈيىدەك مەڭگۈ ئۈزۈلمىگەي،
ئۇنىڭ شانى، داڭقى ئانا تېغىمىز خانتەڭرىگە ئوخشاش
ھەمىشە بۈيۈك بولغاي!

«سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇما»
دېگەندەك، دانىشمەن خەلقىمىز ئۆز نۆۋىتىدە
قىلغان ئاز-تولا ئەجرى ۋە تارتقان جاپاسى ئۈچۈن
كەمىنە ماخمۇت مۇھەممەدنىمۇ ئۇنتۇپ قالغىنى
يوق. پارتىيە ۋە خەلق مېنىڭ بۇ يولدا ئىشلىگەن
ئەمگەكلىرىم بەدىلىگە ھۆرمەت ۋە ئىنئاملار ئاتا
قىلدى. بىرلا مىسالنى ئېيتسام، ھېسام چاقچاقلىرىنى
ئاساس قىلغان ئۇزاق يىللىق ئىزدىنىشلىرىم ئۈچۈن،
1992-يىلى ئاممىۋى مەدەنىيەت ساھەسى بويىچە
كاندىدات تەتقىقاتچىلىق ئۇنۋانىغا سازاۋەر بولدۇم.
مېنى مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك، قۇتلۇق تېمىغا ئىگە قىلغان
ھېسام ئاكىغا ھەشقاللا.

... تۆپىرىقىڭىزدىن قىزىلگۈللەر ئۈنسۇن قەدىردان
ھېسام قۇربان ئاكا، بىز سىزنى ھەر دائىم ئەسلەيمىز، سې-
غىنىمىز، ئەلۋىدا كۈلكە سۇلتانى!

3

ھايات ئۆزىنىڭ ئىنسان مەيلىگە بېقىنمايدىغان تاسادى-
پىيلىقلىرى، ئەگرى-بۈگرى ئېقىنلىرى بىلەن ئۆزگىچىدۇر.

ئۇيلاپ باقسام ھېسام قۇربان ئاكا بىلەن گاھ ئەنە شۇنداق
تاسادىپىيلىقلار، گاھ تەقدىرنىڭ سىرلىق ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى
ئارقىسىدا ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن تاكى يېڭى
ئېرا باشلانغىچە ھەر خىل سورۇنلاردا ھەم خىزمەت، ھەمـ
داستىخان، ھەمسۆھبەت، ھەم پىكىر بولۇپ، غەنىيمەت
پۇرسەتلەردە كۈلكەـ چاقچاقلار بىلەن ئوقتەك ئېتىلىپ،
سۇدەك ئېقىۋاتقان كۈنلەرنى، ئايلارنى، يىللارنى ئۆتكۈـ
زۈپتىمىز. تەقدىر ئىرادە قىلىپ 2000 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مەن
يېڭى خىزمەت ئورنۇمغا، ئاپتونوم رايونلۇق رادىيو، كىنو،
تېلېۋىزىيە ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ باردىم. شۇنىڭدىن كېيىنـ
مۇ ھېسامكام بىلەن داۋاملىق ئۇچرىشىپ، چاقچاقلىشىپ
تۇردۇم ۋە ئەلۋەتتە ئۇنىڭ يېڭىدىن يېڭى چاقچاقلىرىنى
مەتبەئەگە، سورۇنلارغا خۇشاللىق ئىلكىدە تارقىتىپ
تۇردۇم. ئەلۋەتتە بۇ يىللاردا ئۇ ھەقتە ئەدەبىي خاتىرەمـ
نىڭ باش قىسمىدا تىلغا ئېلىنغان بىر نەچچە يىرىك ئەسەرـ
لەرنىمۇ ۋۇجۇدقا چىقاردىم. تېخى يېقىندىلا «ئۇرۇمچى
كەچلىك گېزىتى» نىڭ ئۇدا 25 سانىغا ئۇلاپ بېرىلگەن
«كۈلكە داۋانلىرى» ناملىق پوۋېستىممۇ شۇلارنىڭ بىرى.
كېيىنكى يىللاردا ھېسامكامنىڭ ياشنىپ قالغانلىقى تۈپەيلى
ھەرىكىتىنىڭ ئازلاپ ۋە سۇسلاپ قالغانلىقىدىن، ھەتتاكى
چاقلىق ئورۇندۇققا چۈشۈپ قالغانلىقىدىنمۇ يېقىندىن ۋە
ئەندىشە ئىلكىدە خەۋەر تېپىپ تۇردۇم. پەيتى كەلگەندە
ئېيتقاچ كېتەي، ھېسامكام ئاخىرقى يىللاردا، يەنى چاقلىق
ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ۋە ئاغرىق ئازابىنى تارتىپ
يۈرگەن كۈنلىرىدىمۇ ھازىر جاۋاب، چاقچاقچىلىق خۇسۇـ
سىيىتىدىن، خىسلىتىدىن قالمىغانىدى. گەپ بۇ يەرگە كەلـ
گەندە ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن ئون كۈنلەرچە ئاۋۋال ئۆزىنى
يوقلاپ كەلگەنلەرگە قىلغان ئىككى ئۆتكۈر چاقچىقىنى
كۆپچىلىككە سۆزلەپ بېرەي: بىرىنچىسى، ئۆز ۋاقتىدا
كاتتا ئەمەل تۇتقان مەلۇم بىر كىشى ھېسامنىڭ كېسىلى
ئېغىرلىشىپ قالغان كۈنلەردە ئۇنى يوقلاپ كېلىدۇ. ئۇ
كىشى بىلەن كەلگەنلەردىن بىرى قولىدا فوتو ئاپپارات
كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، سابىق رەھبەر بىلەن ھېسامكامنىڭ
سۆھبىتىنى ئۇزۇلدۇرمەي سۈرەتكە تارتىپ تۇرىدۇ. بىراق
ھېسامكام پارالىچ داۋامىدا سۆھبەتدىشىگە قارىماي، سۈرەتـ
كە تارتىۋاتقان يىگىتكە قارىغىنىچە سۆھبەتدىشىنىڭ سۆزلەـ
رىگە جاۋاب قايتۇرۇپ ئولتۇرىدۇ.

— ھېسامكا، — دەيدۇ شۇ چاغدا ئاپپارات تۇتقان
يىگىتنىڭ يېنىدىكى بىرەيلەن، — سۈرەتچىگىلا قارىماي،
يېنىڭىزدىكى پارالىچ قىلىۋاتقان ئاكىمىزغا قارىمامسىز!

— بۇ كىشىگە ئۆمۈربويى قارىدىم ئۇكا، ئەمدى
سىلەر قاراڭلار، — دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ ھېسام شۇ
ھامان. ئۆي ئىچىدە كۈلكە چۇقانى كۆتۈرۈلىدۇ. بولۇپمۇ
ھەممىدىن بەك ھېسامكامنىڭ سۆھبەتدىشى قىيقاس بىلەن
كۈلۈپ كېتىدۇ... خوپ، ئىككىنچى چاقچاقنىمۇ دەي، بۇ
بەلكىم ھېسامكامنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى چاقچىقى
بولۇشى مۇمكىن. بۇ گەپنى كەمىنىگە مەن ھازىر گېپىنى
قىلىدىغان ناخشىچىنىڭ ئۆزى سۆزلەپ بەرگەن. ئىلى دىـ
ياردا ئاتىقى چىققان بۇ ناخشىچى ئاخىرقى كۈنلەردە،
يەنى «ھېسام ۋاپات بوپتۇ» دېگەن ئۆسەك گەپ چىقىپ،
ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ ئۇنى ئالايىتەن يوقلاپ كىرىدۇ.

— ھېسامكا، بىر قېتىم ئۆلۈپ تىرىلدىڭمۇ؟، —
دەپ چاقچاق قىلىدۇ ۋە ھېسامكامغا ھەر دائىمقىدەك موـ
خۇركا يۆگەپ بېرىۋېتىپ، — ئۆسەك گەپلەرنى ئاڭلىغانـ
سەن؟

— ئاڭلىدىم ئۇكا، — دەيدۇ ھېسام بېشىنى قىمىرلىـ
تىپ، — بىزدەك نامى چىقىپ قالغان ئادەملەرنى پاتـ
پات ئۆلتۈرۈپ تۇرىدىغان نېمىلەر بار، يالغۇز مەنلا
ئەمەسقۇ...

شۇ ئارىدا يەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ رىياسەتـ
چى ۋە ئوپېراتورى باشلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ بىر
نەچچە خادىملىرى ھېسامنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېلىشىدۇ.

— ھېسامكا سىزنى يوقلاپ كىرگەچ، بىر خاتىرە
سۈرەتكە تارتىۋالايلى دېدۇق، ھەممىمىز سىز بىلەن دەرـ
قەمدە ئولتۇرۇپ...، — دەيدۇ رىياسەتچى قىز ۋە ھېـ
سامنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن كۆرۈنۈش ئېلىشنى باشلايدۇ.
رىياسەتچى قىز ھېسامنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان بولۇپ،
ھېلىقى ناخشىچى بولسا، ھېسامنىڭ يېنىدىلا ئولتۇرغانىدى.
ئوپېراتور سۈرەتكە تارتىۋاتقاندا، بىرىنچى چاقچاقتىكىنىڭ
ئەكسىچە ھېسام ئاكا ئۇزۇلدۇرمەي سوئال سوراۋاتقان
رىياسەتچى قىزغا قارىماي، قىزنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىدـ
ۋاتقىنىدا ھامان ناخشىچىغا قاراپ سۆزلەپ ئولتۇرىدۇ. بۇ
چاغدا ئۆزىمۇ چاقچاققا چېۋەر ناخشىچى ھېسامكامغا
قاراپ:

— ھېسامكا، رىياسەتچىگە قارىمامسەن، نېمە دەپ
كەچكىچە ماڭىلا قارايسەن، — دەيدۇ چاقچاق ئارىلاش،

www.uyghurkitap.com



چاقلىق ئورۇندۇقىدا ھالسىزلىنىپ ئولتۇرغان ھېسام مېيىقىدا كۈلۈپ دەررۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىدۇ:

— بۇ شەھەردە ساڭا قارايدىغانلار قالمىدى دېگىنە ئۇكا، مەن بولساممۇ قاراپ قوياي دەيمىنا!...

ھېسام قۇربانىنىڭ ئۆيىدە يەنە بىر قېتىم، ئاخىرقى قېتىم ئەپىلىك چاقچاقتىن كۆتۈرۈلگەن ساپ، تەبىئىي كۈلكىلەر ياڭرايدۇ...

ئەمدى يەنە ئۆز گېپىمگە كېلەي، بۇ يىللاردا غۇلجىغا بارغان ۋاقىتلىرىمدا دائىم دېگۈدەك ھېسامكامنى يوقلاپ تۇردۇم. خاتىرەمدە بۇ مۆھتەرەم زاتنىڭ ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرى تىركەكلىك ئىدى. ئۈرۈمچىدىن ھەر دائىما تېلېفون قىلىپ تۇراتتىم. تولا ھاللاردا تېلېفوننى زىيىنىخان ھەدە ئالاتتى... مەن ھەر دائىم بۇ داڭلىق چاقچاق پېشىۋاسىنىڭ تېخى ئارىمىزدا ھايات تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئاز، بولسىمۇ چاقچاقلىرىنىڭ ئەل ئاغزىغا چىقىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئەزىز خەلقىمىزنىڭ بۇ غەنىيمەت ئىنساننى دائىم ياد ئېتىپ، يوقلاپ، ئۇنىڭ ئۆتكۈر چاقچاقلىرىدىن بەھرىلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ۋە بەھرىلىنىشكە ھەر دائىم تەقەززا ئىكەنلىكىنى... ئويلىغانىمدا كۆڭلۈمنى بىر خاتىرجەملىك تۇيغۇسى كېزەتتى. تېخى بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ھېسام قۇربان ئاكىنىڭ 80 ياشقا تولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يەنە بىر قېتىم «كۆڭۈلدىكى سۆز» سۆھبىتىنى ئۇيۇشتۇردى. بۇ قېتىممۇ تەكلىپكە بىنائەن ھېسامكام بىلەن سەھنىدە يانمۇيان ئولتۇرۇپ بۇ دانىشمەن ئادەم ھەققىدىكى ئۆزگەرمەس، سوغۇلماس چىن سۆزلىرىمنى ئىزھار قىلىپ ئۆتتۇم... يىللار ئەنە شۇنداق ئۆتتى.

2013-يىل 5-ئاينىڭ 12-كۈنى ئەتىگەندە مەن بىر ئۆزگىچە، خەيرلىك مۇددىئانىڭ تۈرتكىسىدە جىنىمنىڭ بىر تال گۈلى — سۆيۈملۈك يۇرتۇم غۇلجىغا سەپەر قىلدىم.

گەپنى سەل ئىلگىرىدىن باشلايمەن. بۇ يىل 3-ئاينىڭ بىر كۈنى، ھۆرمەتلىك يىگىتبېشىمىز غوجا ئەخمەت يۇنۇس ئاكا قاتارلىق بىر قىسىم مەشرەپ ئەھلى بىلەن سورۇندا ئولتۇراتتىم. ماڭا تۇساتتىن بىر تېلېفون كېلىپ قالدى. تېلېفون بەرگۈچى يىگىلا غۇلجا سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەن سازەندە كامال ۋە ئۇ ئىشلەۋاتقان «پەرھادشېرىن» رېستورانىدا سورۇن تۈزگەن بۇرادەرلىرى ئىدى.

تېلېفون سۆھبىتىدىن مەلۇم بولدىكى، كامال بۇ قېتىم غۇلجىدا بىتەكرار چاقچاق ئۇستىسى ھېسام قۇربان ئاكىنى يوقلىغان ۋە ھېسامنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىدىن خاۋاتىرلىنىپ، شۇ تاپتا سورۇندىكى بۇرادەرلىرىنىڭ دالالىتى بىلەن بۇ خەۋەرنى ماڭا يەتكۈزۈشكە ئالدىرىغانىكەن، ئۇلار ھېسام چاقچاقلىرى تېمىسىدا ئۇزاق يىللار سەۋر ۋە چىدام بىلەن خالىس ئەمگەك قىلغان مەندەك بىر ئىزدەنگۈچىنىڭ ھېسام ئاكىنىڭ ئەڭ يېڭى سالامەتلىك ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ قېلىشىمنى ۋە ھېسام بىلەن يېڭى سۆھبەتلەر ئېلىپ بېرىشىمنى خالىشىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئىزگۈ نىيىتىدىن ئەلۋەتتە سۆيۈندۈم ھەمدە رەھمەت ئېيتتىم.

كېيىن تېلېفوندىكى پاراڭنىڭ مەزمۇنىنى سورۇندىكى ئاكىلىرىمىزغا يەتكۈزدۈم. ئەمدىكى سۆھبەت تېمىسى خېلىغىچە ھېسام قۇربان ۋە ئىلى چاقچاقلىرى دائىرىسىدە بولدى، مېنىڭ كاللامدا بولسا ئەسلىمىلەر گۈلخانى يېلىنجىماقتا ئىدى.

ئەتىسى ھېسامكامنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بەردىم. تېلېفوننى ئانچە كېچىكمەستىنلا زىيىنىخان ھەدە ئالدى. سالامدىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ كىملىكىمنى ئېيتتىم. زىيىنىخان ھەدە بىردىنلا ھاياجانلىنىپ كەتتى.

— ۋاي سىز ماخمۇتجانمۇ سىز؟ ئۇزاق بولدى سىزنى كۆرمىدۇق. ھېساممۇ ئارىلاپ گېپىڭىزنى قىلىدۇ، كىتابلىرىڭىزنى ئاچقۇزۇپ، كۆرۈپ كېتىدۇ...

ھېسامكامنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى ئېھتىيات بىلەن سورىدىم. زىيىنىخان ھەدە ماڭا تونۇش ئاۋازى بىلەن يەنە چاڭىلداپ سۆزلىدى:

— ھېسام ياخشى، قىشچە خېلى ئاغرىۋالغانىدى، ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدى. تالا-تۈزلەرگە ئاچقىمىدۇق، چىقىمەن دەيدۇ، كۈن يەنە سەل ئىسسىسۇن دېدۇق... سىز ئۈرۈمچىدىما؟ غۇلجىغا كەلسىڭىز، ئۆيلەرگە كېلىڭ ئۇكام!

تونۇگۈنكى تېلېفون تۈپەيلى پەيدا بولغان ئەنسىرىشىم لەپپىدە پەسىيىپ قالدى. بىز ھەركىمنىڭ ئامان بولۇشنى تىلەيمىز، ھېسامكامنىڭ ئامان، سالامەت بولۇشنى تېخىمۇ تىلەيمىز، چۈنكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئېقىۋاتقىنى ئۇيغۇرنىڭ قەيسەر كۈلكىسى.

ئالدىراش ئىشلار بىلەن ئارىدىن يەنە خېلى كۈنلەر

ئۆتتۇپ كەتتى، بىراق مېنىڭ كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرىدە ھې-
سامكامنىڭ سالامەتلىكى توْپەيلى بىر ئىزتىراپلىق خىيال
ئەگىپلا يۈرەتتى. ھەممىمىز ھاياتنىڭ ئامانەتلىرى، ئاتىلار
«دەم غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت» دەپ توغرا ئېيتقان،
ھېسام ھەققىدە شۇنچە كۆپ ئەجىر، ئەمگەك قىپتىمەن،
شۇ ئەمگەكنىڭ تېخى ئاخىرقى مۇساپىسى ئەمەسقۇ؟ بۇ-
نىڭدىن 27 يىل ئاۋۋال ئىلى ئالىي مېھمانخانىسىنىڭ چە-
رايلىق ھويلىسىدا، ھېسامكام ئىككىمىز مۇشتۇملىرىمىزنى
ئالقانلىرىمىزغا ئۇرۇشۇپ، چاقچاقتىن ئوت چىقىرىپ
كۈلۈپ ئېسىل بىر پارچە سۈرەتكە چۈشكەنىدۇق.
شۇنداق سۈرەتتىن يەنە بىرسىگە چۈشۈش — ھاياتنىڭ
بىزگە بەرگەن نېمىتىغۇ ئاخىر... ئويلىغانسېرى ھېسامكام-
نى بىر يوقلاپ كېلىش، ئالايتەن غۇلجىغا بېرىپ يوقلاپ
كېلىش ئىستىكىم كۈچەيدى. دەل شۇ كۈنلەردە مەلۇم
نەشرىياتنىڭ تەكلىپى بىلەن، ھېسام ۋە ھېسام چاقچاقلىرى-
غا بېغىشلانغان بارلىق ئەمگەكلىرىم جۇغلانغان يىرىك بىر
كىتابقا جىددىي ئىشلەۋاتاتتىم. ئىشىمنى ۋاقتىنچە توختات-
تىمدە، 5-ئاينىڭ 12-كۈنى (يەكشەنبە) سەھەردە ئۈرۈم-
چى نيەنزىگو ئۈزۈن يوللۇق قاتناش بېكىتىگە قاراپ يول
ئالدىم.

غۇلجىغا كەلگىنىمنىڭ 3-كۈنى ئەتىگەن سائەت 9
دا، كۆڭلى دەريا، ھارماس فوتوگراف تۇرسۇنمۇھەممەد
ئوسمان ۋە ئىلى ئوبلاستلىق ئۇيغۇر دىراما ئۆمىكىدە
ئىشلەيدىغان چوڭ ئوغلۇم ئادىلجان بىلەن بىرلىكتە ھې-
سامكامنىڭ ئۆيى جايلاشقان مەھەللە — ئىلى بەيتۇللا
مەدرىسىگە يېقىن 10-ئولتۇراق رايونغا كەلدىم. ھېسامكام
21-بىنانىڭ 1-قەۋىتىدىكى ئازادە بىر ئۆيدە ئولتۇراتتى.

ئىشىكنى مەن ئىلگىرى بارغان ۋاقىتلاردىكىدەك،
زېمىنىخان ھەدە ئاچتى. ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ ھاياجانلىق
ئاۋازى ياڭرىدى:

— ھېسام، تۇرۇڭە ھېسام، ماخمۇت مۇھەممەد
سىزنى يوقلاپ كەپتۇ!

ئۆيگە كىرىپ، زېمىنىغان ھەدەم بايىقى گېپىنى تەك-
رارلىغىنىچە كىرىپ كەتكەن ھۇجرا تەرەپكە قارىدىم. دەم
ئۆتمەي ھېسامكامنىڭ بوغۇق يۆتەل ئاۋازى ئاڭلاندى.
كۆڭلۈمنى بىر خۇرسەنچىلىك قاپلىدى. سەۋەبى، ھېسام-
كامنىڭ تونۇش ئاۋازىنى يەنە ئاڭلاۋاتاتتىم. سەل دىن
كېيىن ئىشىكتە ھېسامكامنىڭ ماڭا تونۇش قامىتى كۆرۈن-
دى، زېمىنىخان ھەدە ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلىگىنىچە، بىر
ياقتىن كىيىملىرىنى ئوڭشاپ قويغاچ سارايى ئۆيگە ئاچىق-
ۋاتاتتى، ئاڭغىچە تۇرسۇنمۇھەممەد بىلەن ئادىلجانمۇ ھې-
سامكامنى يۆلەش ئۈچۈن يۈگۈرگەنىدى.

ھېسامكام ئۈچ ئادەمنىڭ يۆلىشى بىلەن ئالدىمدا
ئۆرە تۇراتتى. ئىتتىك بېرىپ قوللىرىنى تۇتتۇم. ئەزەلدىن
قورۇق ئۆكسىمىگەن چىرايىغا قارىدىم. قورۇقلار ئارىسىدا
يەنىلا مەشھۇر بىر كۈلكە بالقىپ تۇراتتى. قېرىلىق يەتكەن
بەدىنىنى تىك تۇتۇشقا تىرىشىۋاتقان ھېسامكام قىزىل ماد-
چىستىر دوپپىلىق بېشىنى سەل قىسايتىپ، ماڭا كۈلۈمسى-
رەپ قاراپ تۇراتتى. قولىدىن شۇ تۇتقىنىمچە، سەل نېرى-
دىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقنى تارتىپ، ھېسامكامنى ئا-
ۋايلاپ ئولتۇرغۇزدۇم، ھەممىمىز ئولتۇرۇشتۇق.

ئالدىمدىكى بۇ تونۇش قامەتكە يېڭىباشتىن سەپسې-
لىپ قارىدىم. 90 نىڭ تېخىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ كېتىۋات-
قان بۇ بەردەم ئىنساننىڭ بەدىنى ئورۇقلىغان، قەددى
مۈكچەيگەن، كۆزلىرى سەل گۈنسىزلاشقان بولسىمۇ،
بىراق ئۇ كۆزلەردە ۋە تامام چىشسىز ئاغزىدا كۈلكىنىڭ
ھاياتبەخش شوللىرى لىپىلداپ تۇراتتى. ھاساتاياق تۇتقان
قوللىرى مۇزدەك— ساق ئىدى. كۆك كاستۇمنىڭ ئىچى-
دىكى قولدا توقۇلغان پوپايكىسى ۋە بىر ياقىسى چاپان
سىرتىغا چىقىپ كەتكەن ئاق كۆڭلىكىنىڭ ئىچىدە ئاقتۆش-
تەگىنىڭ تارماق ئېقىنلىرىدەك قاتار تارشا تومۇرلار بىر
چىدامدىن، ھاياتقا دېگەن مۇھەببەتتىن بەلگە بېرىپ
سوقۇپ تۇراتتى. قۇلاق تۈۋۈمدە نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى-
كى بىر ئەتىياز كۈنى غۇلجىنىڭ پاتقاقلىق شەھەر ئىچى
مەھەللىسىدە تاڭگا سېتىپ كېتىۋاتقان ئالتە ياشلىق شوخ
بالىنىڭ «ھېسام، تاڭگا يەمسەن؟» دېگەن جاڭگىلداق ئاۋا-
زى ياڭرىغاندەك بولدى...

زېمىنىخان ھەدە ئۈستەلگە مەززە تىزىپ، چاي دەم-
لىدى. مەن بولسام ھېسامكام بىلەن بەھۇزۇر پاراڭلىششقا
ئالدىرايتتىم، يەنە بىر ياقتىن ھېسامكامنىڭ سالامەتلىك
ئەھۋالى ھەققىدە زېمىنىخان ھەدىدىن ئۈزۈك-ئۈزۈك
سوئاللار سوراپ تۇراتتىم. زېمىنغان ھەدەم سوئاللىرىمغا
بىر يولىلا جاۋاب بەردى:

— ئۇيقۇسى جىق، ئويغاتمىسىڭىز ئۇخلاۋېرىدۇ،
كىچىك تاھارەت سەل ئاۋارە قىلىۋاتىدۇ، تاماقنى ئاز
يەيدۇ، قالغان تەرىپى، ئۆزىڭىز كۆردىڭىز ياخشى مانا!

www.uyghurkitap.com



ھېسامكام ئۇزاق يىللار ئۆزىنىڭ جاپاسىنى مىننەتسىز تارتقان ۋە ھېلىمۇ كىچىك بالىنى جۇگقۇرغاندەك ئۆزىگە ھەمشىرىلىك قىلىۋاتقان قەدىناسىنىڭ گېپىنى تەستىقلىغاندەك، ھەممىمىزگە تەكشى قاراپ، كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. دەررۇ بايقىدىم، ئۇنىڭ كاللىسى ھېلىھەم شۇنچە سەگەك ئىدى.

— ھېسامكام تاڭگاتار ئولتۇرۇشلاردا چاقچاق قىلىمەن دەپ جىق ئۇخلىمىغان، ئەمدى شۇ ئۇيقۇلىرىنى تولۇقلىۋالاي، دەپتۇ- دە! — دېدىم چاقچاق قىلىپ، لېكىن كۆڭلۈم شۇنچە يېرىم ئىدى. قېنى ئۇ ئىلى دەرياسىدەك ئۈزۈلمەس چاقچاقلار؟ قېنى ئۇ بىر مەشرەپنى سىرىپ چىقىپ كېتىدىغان ھازىر جاۋاب، ئوت يۈرەك چاقچاق كۆچتۈگگۈرى يايپاش ھېسام؟... بىراق شۈكۈركى، شۇ خىسلەتلىرىنى شۇ تاپتىمۇ نامايان قىلىپ تۇرغان كۆللى ۋۇجۇدىدا شانلىق تارىخنى ھېلىھەم ئەسلىتىپ ھېسام قۇربان ئاكا ئالدىمىزدا ئامان، سالامەت ئولتۇراتتى! ئەلگە مەشھۇر ئۈزۈلمەس كۈلكىسىنى داۋاملىق كۈلگىنىچە، دانىشمەنلەرچە قىياپەتتە ئولتۇراتتى.

تۇرسۇنمۇھەممەد ئوسمان كىرگەندىن بۇيان غەنىيمەت پۇرسەتلەرنى چىلىڭ تۇتۇپ بىزنى سۈرەتكە تارتماقتا، ئىجتىھاتلىق خىزمىتىنى داۋام ئەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ فوتو ئاپپاراتى ئېسىل، مەجەزى تېخىمۇ ئېسىل ئىدى. ھېسامكامنىڭ بىر نەچچە پارچە سۈرىتىنى تارتىپ قويۇپ، ئۇ يەر، بۇ يەردە ھەمىيىنىغا پۇل، ئۆزىگە ئابرۇي قىلىدىغان ئايرىم ئادەملەرگە ئوخشىمايتتى.

مەن تۇرسۇنمۇھەممەدنىڭ ئاپپاراتىغا ھېسامكام ئىككىمىزنىڭ ئاجايىپ غەنىيمەت يەنە بىر كۆرۈنۈشى پەملەنگەنلىكىنى سەزدىم ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ:

— ھېسامكا، ھېلىقى بىر كونسۇل مېھمانخانىسىدا چۈشكەندەك سۈرەتكە يەنە بىر چۈشۈۋالامدۇق؟ — دەپ سورىدىم.

گېپىم تۈگىشىگە ئىنكاسى تېز ھېسام ئاكا دەررۇ بىر قولىنى تاپانچا بەتلىگەندەك قىلىپ ئالدىغا سوزدى ۋە قاقاقلاپ كۈلدى، مەنمۇ شۇئان ئۇنىڭغا ماسلاشتىم... سەلدىن كېيىن بۇ كۆرۈنۈش تالادا، ھېسامكامنىڭ ئىشىك ئالدىدا يەنە تەكرارلاندى ۋە ئۆچمەس سىيما سۈپىتىدە قېتىپ قالدى.

ئوقۇرمەنلىرىمىزگە، ئۇ كۈنى ھېسام ئاكىنىڭ ھە دېگەندە ئۆزۈمنى تونۇپ، ئىسمىمنى يادىغا ئالالمىغىنىنى، كېيىن زېمىنغان ھەدەمنىڭ گەپ ئارىلىشى بىلەن دەررۇ «ماخمۇت، ماخمۇت !» دەپ قولۇمنى مەھكەم تۇتقىنىنى ھەمدە ھايال ئۆتمەستىن:

— كىنو قاچان چىقىدۇ؟، — دەپ سورىغانلىقىنى قوشۇمچە قەيت قىلىپ ئۆتۈپ كەتسەم مۇۋاپىق بولار دەپ ئويلايمەن. «ماخمۇت» دېگەن ئىسىم ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئىنتايىن قىممەتلىك ۋە مۇھىم، چۈنكى ئۇنىڭ دۇنيالىقتىكى بىر تال ئوغلى، يېگانە پەرزەنتىنىڭ ئىسمىمۇ «ماخمۇت»، ئەدىب غوجا ئەخمەت يۈنۈس ئاكا بۇ ھەقتە مۇنداق يازغانىدى: ئاتاقلىق خەلق سەنئەتكارى ھېسام قۇربان يازغۇچى ماخمۇت مۇھەممەدنىڭ ئۆزىنىڭ چاقچاق- لەتىپىلىرىنى توپلاپ، رەتلەپ نەشر قىلدۇرۇش جەھەتتە قىلغان جاپالىق ئەجرىگە يۈرەك قېتىدىن مىننەتدار بولۇپ كەلدى، ئۇ چوڭ- كىچىك سورۇنلاردا ماخمۇت مۇھەممەدتىن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى ئاغزاكى ئىپتىشش بىلەنلا قالماي، ئوغۇل پەرزەنتى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا «ماخمۇت» دەپ ئىسىم قويىدى. ھازىر ماخمۇت ھېسام ئالىي مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، پايتەخت بېيجىڭدا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

ھېسامكامنىڭ سوراۋاتقىنى، مەن 2008- يىلى يازغان 10 قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى — «چاقچاقچى ھېسامنىڭ كەچۈرمىشلىرى» ئىدى. ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى، بۇ فىلىم ھازىرغىچە سۈرەتكە ئېلىنىش تەرەددۇتىدا ئىدى. ئىنشائاللا، خەيرلىك بىر كۈنلىرى ھېسامكامنىڭ ئۆزىمۇ فىلىمدە بىۋاستە رول ئېلىشى نېسىپ بولۇپ قالار. لېكىن مەن شۇ تاپتا ھېسامكامنىڭ سوئالىغا، بۇ يىل غۇلجا ناھىيەسىدە سۈرەتكە ئېلىنىدىغان باشقا بىر فىلىمىم خۇسۇسىدىن جاۋاب بەردىم. بۇ فىلىمدە ھېسام قۇربانغا بېرىلىدىغان رول، ئالاھىدە ۋە خېلى ئۇزۇن ئىدى.

— ھېسامكا، — دېدىم دەررۇ ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ، — 6- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، سىز دېگەن فىلىمنى جېلىلىيۇزدە سۈرەتكە ئالىمىز، ۋاقتى كەلگەندە زېمىنخان ھەدەم ئىككىڭلارنى غۇلجا ناھىيەسىگە بىللە ئاچىقىپ، مېھمانخانىغا ياتقۇزۇپ، كۆرۈنۈشلىرىڭىزنى سۈرەتكە تارتىدۇ، رېژىسسور ئۆمەر سايىم بىلەن بۇ گەپلەرنى دېيىشكەنىمىز...

ھېسامكامنىڭ ۋەزمىن چىرايىنى كۈلكە ئەگىدى.

ئېچىمدە «شۇ كۈنلەرگە يەتكۈزگەي!» دەپ تىلەك تىلە-
دىم.

چۈشكە يېقىن زىيارىتىمىزنى ھازىرچە تامام قىلىپ،
ھېسامكام ۋە ئۇنىڭ جاپاكەش قەدىناسى بىلەن خوشلاش-
تۇق، ھېلىمۇ ھېسامكام كۆپ غەيرەت قىلغانىدى. ئۆيدە
ۋە تالادا تارتىلغان ھەر خىل سۈرەتلەرگە ئۇ ئىنتايىن
ئەستايىدىل، جۇشقۇن ۋە تەبىئىي چۈشتى. فوتوگراف «-
ھېسامكا، كۈلۈڭە!» دېيىشىگىلا ئۇ دەرھال، شۇنچىلىك
بېرىلىپ ۋە تەبىئىي كۈلەتتى. كۈلكە ئاۋازىدا بىر غەيۇر-
لۇق ۋە ئىلگىرىكىدەكلا ئۆتكۈر ھەجۋىي بالقىپ تۇراتتى،
راستىنلا، ئۈنجى سۈرەتكە تارتىشقا تەرەددۇتلەنگەن تۇر-
سۇنمۇھەممەدنى ئۇ دەررۇ توختىتىپ قويۇپ زېمىنىخانغا
قاراپ جىددىي رەۋىشتە:

— گالستۇك! — دېگەنىدى.

— بۇ ئادەم گالستۇك تاقاشنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ، —
دېدى زېمىنىخان ھەدە ھېسامكامغا قىزىل چېكىتلىك قارا
گالستۇكنى تاقاۋېتىپ، — بۇرۇنمۇ بويىندىن گالستۇكنى
ئالمايدىغان، ھازىرمۇ چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ
تالاغا ئاچىقايلى دېسەك، گالستۇك دەيدۇ!

مەن پاكىز سۈرتۈپ، ساراي ئۆينىڭ ئاشخانىغا
تۇتاش يېرىگە قويۇپ قويۇلغان چاقلىق ئورۇندۇققا قارى-
دىم. كېيىن ھېسامكامنى قېنىپ بىر ئۇخلىۋالسۇن دەپ،
ساھىبخان بىلەن خوشلاشتۇق.

ئىككى كۈندىن كېيىن، يەنى 5-ئاينىڭ 16-كۈنى
تۇرسۇنمۇھەممەد ئوسمان ئىككىمىز ھېسامكامنىڭ ئۆيىگە
ئىككىنچى قېتىم باردۇق. بىرىشتىن ئىلگىرى زېمىنىخان
ھەدە بىلەن تېلېفوندا ئالايىتەن كېلىشىۋالغانىدۇق. ئۇ ھې-
سامكامغا دائىر سۈرەتلەر ئالبوملىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، تەي-
يارلاپ قويغانىدى. تۇرسۇنمۇھەممەد ئەڭ دەسلەپكى
1948-يىلى تارتىلغان بۇ زور بىر تۈركۈم يالداما سۈرەت-
لەر ئىچىدىن تاللاپ نۇسخا ئالماقچى ئىدى. زېمىنىخان
ھەدەم بۇ قىممەتلىك سۈرەتلەرنى ھېسامكامغا ۋاكالىتەن،
كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ ساقلىماقتا ئىدى. تۇرسۇنمۇ-
ھەممەدكىمۇ ئۇ شۇ بىر شەرت بىلەن — سۈرەتلەرنى
ئۆيدە تۇرغۇزۇپ فوتو ئاپپاراتتا قايتا تارتىۋېلىش شەرتى
بىلەن ماقۇل بولغانىدى. ئۇنىڭ بۇ قىلغىنى ئىنتايىن توغرا
ئىدى. ئاڭلىشىمچە، دائىم ئۇ يەر، بۇ يەردىن كېلىدىغان
ئادەملەر ئاللىقانداق ئىدارىلەرنىڭ نامىنى سېتىپ، يالغان
ۋەدىلەرنى قىلىپ ھېسامكامنىڭ ئۆيىدىن كىتاب، سۈرەت،
لېنتا ۋە باشقا مۇھىم يالداملارنى ئەپكېتىدىكەن ۋە كۆپ
ساندىكىلىرى ئامانەتكە خىيانەت قىلىدىكەن. بىر قېتىم
ئۆزلىرىنى ئۈرۈمچىدىكى بىر ئىستۇدىيەدىن كەلدۇق دەپ
تونۇشتۇرغاچ ئۈچ ياش بالا زېمىنىخان ھەدىنىڭ ئېتىرازى-
غا قارىماي، ھېسام ئاكىنى مەجبۇرەن ياتقان يېرىدىن تۇر-
غۇزۇپ، چالا-بۇلا كىيىندۈرۈپلا، ئالدىغا قۇرۇق سىركاي-
دىن بىرىنى قويۇپلا ئاتالمىش «كىنوغا ئېلىش» نى باش-
لاپتۇ...

— تۇۋا خۇدايىم، شۇ كۈنى شۇنداق ئاچچىقىم
كەلدى، — دېدى زېمىنىخان ھەدە، — خۇددى ھېسامغا
ئۆتكۈزۈپ قويغىنى بارادەك... ئەڭ بولمىغاندا ئۈستەلگە
تاتلىق تىزىپ، چاي دەملەي دېسەممۇ تۆزىمىدى. كۆرگەن
خەقلەر نېمە دەپ قالار، ھېسامكامنىڭ ئۆيىدە بىر پىيالە
چايمۇ يوقكەن دەپ ئويلىمامدۇ!

ئاچچىق ھېسلارغا چۆمۈلگىنىمچە زېمىنىخان ھەدىگە
تەسەللى بەردىم، بىزدە شۇنداق نەپ سەۋدايىلىرى،
پۇرسەت ئوغرىلىرى، ئەدەبىيات-سەنئەت قۇيمىچىلىرى
بار، يەنە تېخى ئاتالمىش «ھېسامنىڭ ۋەسىيىتى» نى ياز-
فونغا كىرگۈزۈۋالغانلار، ھېسامنىڭ فىلمىنى ئىشلەيمەن
دەپ يۇرت ئاتلاپ داستىخان سالدىغانلار، ساپايە چالى-
دىغانلار، ھېسام ئولتۇرغان چاقلىق ھارۋىنى ئىتتىرىپ
سۈرەت پۇلى تىلەيدىغانلارمۇ... بار، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى-
لىرى 1998-يىلى پەيدا بولغان، بۇنداقلارنىڭ بازىرى قى-
زىسا، نادانلىقنىڭ ۋە ئاچ كۆزلۈكنىڭ كۆلەڭگىسى ئۇزى-
رايدۇ. نەۋايى ھەزرەتلىرى ئېيتقاندەك، ئۇلارنىڭ قەلەم
ۋە سىن ئاپپاراتى تۇتقان ئوغرى قوللىرىنى «قەلەمگە
ئوخشىتىپ توغراش كېرەك!»

ئەسلى گېپىمگە قايتىپ كېلەي، تۇرسۇنمۇھەممەد
ئالتە-يەتتە ئالبومدىكى سۈرەتلەرنى تاللاپ، كېرەكلىك-
رىنى ئىجتىھات بىلەن ئاپپارات ئالغۇچە مەن ھېسامكام
بىلەن گاھ ئۆتكەن ئىشلار ھەققىدە ئەسلىشىپ، گاھ چاق-
چاقلىشىپ ئولتۇردۇق. زېرەك تۇرسۇنمۇھەممەد پەيتنى
پايلاپ، ئارىلىقتا بىزنى ھەر خىل كۆرۈنۈشلەردە سۈرەت-
كە تارتاتتى. بۇ ۋە ئۇ سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسى، ئەلۋەتتە
مەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ بېرىپلا داۋاملىق ئىشلەيدىغان
«چاقچاق پېشۋاسى — ھېسام» سەرلەۋھىلىك كىتابقا
ئېسىل ماتېرىيال، زىننەت بولاتتى ۋە ھېسام ئاكىنىڭ ئۇ-
زۇلمەس كۈلكىسىنى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئېلىپ كېتەتتى.

ھېسامكامنى ئىككىنچى قېتىم يوقلاشمۇ ئىنتايىن

كۆڭۈللۈك، مەنىلىك بولدى. كۆڭلۈمنىڭ بوش، يېرىم يەرلىرى بارا-بارا تولماقتا ئىدى. ھېسام ۋە ھېسام چاقچاقلىرى ھەققىدە 30 يىلدىن ئارتۇق ماتەنەتلىك خىزمەت قىپتىمەن. گەرچە بۇ مېنىڭ ئىجادىي يولۇمنىڭ بارلىقى بولمىسىمۇ، لېكىن مۇھىم خىزمەتلىرىمنىڭ بىرى. ئەزىز خەلقىم بۇ ئەمگىكىم تۈپەيلى ھەر دائىم مەندىن چەكسىز مىننەتدار بولۇپ كەلدى. نۇرغۇنلىغان مۇئەللىپلەر ئۇشبۇ ئەجرىمنى ئەڭ پاساھەتلىك جۈملىلەر بىلەن ئالقىشلاپ ئۆتتى. دوكتور راھىلە داۋۇت مۇنداق يازدى: «تالانتلىق يازغۇچىمىز ماخمۇت مۇھەممەد ئەپەندىنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان توپلاپ، رەتلەپ، نەشر قىلدۇرغان ‹ھېسام چاقچاقلىرى› ناملىق 10 توپلام كىتابى ھازىر بىزنىڭ ھېسامنى ۋە ئۇيغۇر چاقچاقلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ قالدى، بۇ نۇقتىدا مۇبادا ماخمۇت مۇھەممەد ئەپەندى بولمىغان بولسا، ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ توپلىنىش، رەتلىنىش ئىشىنىڭ قايسى دەرىجىگە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى. ماخمۇت مۇھەممەد ئەپەندىگە ھېسام چاقچاقلىرىنى توپلاپ، رەتلەپ، روياپقا چىقارغان مۇشۇ ئۇلۇغ ئەمگىكى ئۈچۈن چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!» مۇنداق باھالار بىرلا بۇ ئەمەس، مۇشۇ كىتابقا يازغان كىرىش سۆزىدىمۇ ھۆرمەتلىك ئەدىب، تەلەپچان تەتقىقاتچى غوجا ئەخمەت يۇنۇس ئاكا كەمىنىنىڭ ھېسام ۋە ھېسام چاقچاقلىرى ساھەسىدىكى ئۇنتۇلماس ئەمگەكلىرىمگە كاتتا باھا بېرىپ ئۆتتى. ئەجدادىمىزنىڭ «سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇما»، «بىلگەن بىلگەننى قىلار، بىلمىگەن نېمىنى» دېگەنلىرى شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك.

يەنە ئۆز گېپىمگە كېلەي، ماي ئېيىنىڭ گۈزەل كۈنلىرى ئەزىز غۇلجامغا قىلغان ئەھمىيەتلىك سەپىرىم قەلبىم گۈلىستانىنىڭ ھېسام چاقچاقلىرى گۈلدانىغا گۈل، رەڭ ۋە خۇشبۇي تولۇقلاپ، ئىشلىنىۋاتقان يېڭى كىتابىمغا مەزمۇن، ئۆمۈر رىسالەمگە يېڭى قۇر قوشۇپ، مېنى ۋە ئاڭلىغان دوست-يارەنلەرنى خۇرسەنلىككە چۆمدۈردى. كەمىنە ھېسامكامغا، ئائىلىسىگە يەنە بىر قېتىم ئامانلىق، سالامەتلىك تىلەپ، قىيالماي خوشلىشىپ غۇلجىدىن ئايرىلىش ئالدىدا لەۋزى ھالال تۇرسۇنمۇھەممەد ئوسمان ماڭا بىر دەستە سۈرەت — يېپيېڭى سۈرەتلەر ۋە قايتا تارتىپ، يۇيۇلغان يالداما سۈرەتلەرنى ھەمدە ئۈچ سۈرەت دىسكىسىنى يوللۇق قىلغانىدى. سۈرەتلەرنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھاياجانلاندىم ۋە يېڭىدىن يېڭى تەسىراتلارغا چۆمۈلدۈم، ھەر بىر سۈرەتتە قەدىردان ھېسام قۇربان ئاكىمىزنىڭ تونۇش، قىممەتلىك كۈلكىسى پارلاپ تۇراتتى...

... تۈپرىقىڭىزدىن قىزىلگۈللەر ئۈنسۇن قەدىردان ھېسام قۇربان ئاكا، بىز سىزنى ھەر دائىم ئەسلەيمىز، سېغىنىمىز، ئەلۋىدا كۈلكە سۇلتانى!

4

ھېسام قۇربان ئاكا ئارىمىزدىن كەتتى، بىراق ئۇنىڭ ئىزگۈ خاتىرىسى، پاساھەتلىك ۋە ئۆتكۈر چاقچاقلىرى ھېچقاچان قەلبىمىزدىن ئۆچمەيدۇ. ئۇ ھايات ۋاقتىدا نۇرغۇن كىشىلەر، ھەر مىللەت تەتقىقاتچىلىرى، يازغۇچى-شائىرلىرى ئۇ ھەقتە كۆڭۈل سۆزلىرىنى، تەتقىقات تېمىلىرىنى، ھۆرمەت-ئېھتىراملىرىنى بايان قىلغان، ھەتتا ئەمدىلا باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قويىندا بىلىم ئېلىۋاتقان سەبىيلەرمۇ قەلب قەترىلىرىنى ئىزھار قىلىشقانىدى.

ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغىنى، تېخى يېقىندىلا نەشردىن چىققان «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىغا (2013-يىلى 4-سان) بېسىلغان، ئۆسمۈر ھەدىيە ھۇسەنجاننىڭ «چاقچاقچىمىز چاقلىق ئورۇندۇقتا» ناملىق ماقالىسى بولدى. بېشى قىزىق چاقچاق بىلەن باشلىنىپ ئاخىرى يۈرەكنى ئەزگۈدەك تەسىرلىك ئاياغلاشقان بۇ ماقالە بېسىلىپ چىققىنىدا ھېسام قۇربان ئاكىنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە بىر قېتىم ئۆسەك سۆز تارىلىپ، ئارىدىن ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن چاقچاق پېشۋايىمىز راستىنلا ھاياتلىقتىن كۆز يۇمغانىدى. تۆۋەندە مەن مۆتىۋەر چاقچاقچىمىزغا ھازىدار بارلىق ئەزىز ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلب ھوزۇرىغا ئۇشبۇ ساددا ۋە ئۆتكۈر سەبىيانە يازمىنىڭ تۆۋەندىكى قۇرلىرىنى تەقدىم ئېتىشنى ئىختىيار قىلدىم:

— «... بۈگۈن شەھىرىمىزنىڭ ئاۋات بازىرىدا، يەنى تۆت كوچا ئەتراپىدا داڭلىق چاقچاقچى — ھېسام قۇربان بوۋىمىزنى ئۇچراتتىم. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مېنىڭ كۆرگىنىم ئەتراپىغا كىشىلەرنى ئولاشتۇرۇپ قىزىق يۇمۇر سۆزلەۋاتقان ھېسام قۇربان بولماستىن، بەلكى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ نۇرسىز كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىككەن بىر بوۋاي بولدى. ئاتاقلىق چاقچاقچىمىز چاقلىق ئورۇندۇقتا، بېشىغا دوپپا، ئۇچىسىغا يارىشىملىق كاستۇم-بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقاپ يىراقلارغا كۆز تىكىپ خىيال بىلەن ئولتۇرماقتا. يولدىن ئۆتكەن-كەچكەنلەر

ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك زوقلىنىش، تەلپۈنۈش نەزەرىدە ئەمەس، بەلكى ئەجەبلىنىش، ھەيرانلىق نەزەرىدە قاراپ: « «ھوي، بۇ ھېسامكام ئەجەب قېرىپ كېتىپتۇ-ھە؟» دېيىشكىنىچە ئۆتۈپ كېتىپ بارماقتا. لېكىن يەنە ئاز ساندىكى كىشىلىرىمىز ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللىشىپ بىللە خاتىرە رەسىمگە چۈشمەكتە. لېكىن ھېسام قۇربان بوۋىمىز خۇددى ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن ھەپىلىشىپ ھاردۇق يېتىپ قالغاندەك ئاپپاراتقىمۇ قارىماستىن يەنە شۇ خىيال بىلەن ئولتۇرماقتا...

ۋاقىت كىملەرنى قېرىتمىغان، ئەجەل كىملەرنى قالدۇرۇپ قويغان؟! يىللارنىڭ شامىلى ھەر بىر ئىنسانغا ئوخشاش بولمىغان نەتىجىلەرنى تەقدىم قىلىدىكەن. ھېسام قۇربان بوۋىمىزدەك ئەل قەلبىدە يىلتىز تارتقان كىشىلىرىمىز ئۆز ھاياتىنى ئەنە شۇنداق ئېسىل مەدەنىيەت نۇرلىرى بىلەن جۇلالاندۇرۇپ مەڭگۈلۈك ياخشى نام بىلەن قالىدىكەن. ھەممىنى قېرىتقان ۋاقىت، ھەممىنى ئېلىپ كەتكەن ئەجەل ئۇلارنىڭ ياخشى ناملىرىنى مىلىك قىلىپمۇ ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. خۇددى بۇ دۇنيادا زۇنۇن قادىر، زوردۇن سابىرلارنىڭ چوڭقۇر قەدەم ئىزلىرى قالغاندەك...

ئەل ئۇنى ھۆرمەتلىدى، ئىززەتلىدى. چۈنكى ئۇمۇ ئۆز چاقچاقلىرى بىلەن بىزنى شادلاندۇرغان، تۇرمۇشىمىزغا تەبەسسۇم ئاتا قىلغانىدى. لېكىن بىز ئاخىرىدا يەنىلا ئۇنتۇپ قالدۇقمۇ قانداق؟ ئىنسان ياشانغانسېرى كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالىدىكەن. كۆڭلى نازۇكلىشىپ ئادەمخۇمار، پاراڭخۇمار بولۇپ قالىدىكەن، بولۇپمۇ پۈتكۈل ئۆمرىنى كۈلكە بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ زات تېخىمۇ ھەم شۇنداق.

قېرىنداشلىرىم، دوستلىرىم! ئۇ ياشنىپ قالدى، ئۇ ياشلىقىدا بىزگە ھەمراھ بولغانىدى، ئەمدى ياشانغاندا بىزنى ھەمراھ بولسىكەن دەيدۇ.

جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى ئالىيجاناب قېرىنداشلىرىم، كۈلكە، چاقچاقنى سۆيگەن ھەمدە چاقچاقچىنىمۇ سۆيگەن ئىلىدىكى ئوت يۈرەك قېرىنداشلىرىم، سۆيۈملۈك تەڭتۇشلىرىم ئۇنى ۋە ئۇنىڭدەك ئېسىللىرىمىزنى يوقلاشنى ئۇنتۇپ قالمايلى، چۈنكى بىزگە كېرەكلىكى پەقەتلا ئۇنىڭ بىلەن چۈشكەن خاتىرە سۈرەت ئەمەس، بەلكى مۇشۇنداق غەنىيمەت دەملەردە ئۇنىڭ بىزگە ئېيتقان ھەر بىر تەۋەررۈك سۆزلىرىدۇر.

بىز ئۇنى ھەمىشە ئۇنتۇپ قالمايلى! چۈنكى ھېسام بوۋامدەك ئۇلۇغلار بولغاچقا يۇرتىمىزنىڭ كوچىلىرى شۇنچە ئاۋات، شۇنچە يېقىملىق تۇيۇلىدۇ. بۇ كوچىلار بىزگە ئېپتىخارلىق تۇيغۇسى بەخش ئېتىدۇ. لېكىن... ئۇنتۇماڭلار دوستلار، ھازىر چاقچاقچىمىز چاقلىق ئورۇندۇقتا...»

بۇ، بەلكىم ھېسام قۇرباننى چىن يۈرىكىدىن ھۆرمەتلەپ ئۆتكەن كۆللى خەلقىمىزنىڭ قەلب سۆزى بولسا كېرەك.

بۇ قايغۇلۇق ۋە ئۇنتۇلماس ئەسلىمەمنىڭ ئاخىرىنى ھېسام قۇربان ئاكىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان كۈنۈم، كېچىلەپ يازغان «ھېسام قۇربانغا يادنامە» ناملىق شېئىرىم بىلەن ئاياغلاشتۇرىمەن.

يۈز يىل ئۆمۈر كۆرسىكەن، دېگەن،
ئۈمىدىمىز بار ئىدى سىزنى.
چاقچاق قىلىپ تا ئاخىرىغىچە،
ئۇمۇندۇرۇپ قويدىڭىز بىزنى.

ئۇندىداردىن كۆرگەنىدىم كېچە،
كۈلۈپ تۇرغان چىن يۈزىڭىزنى.
«قايسىلىق، مېنى ئۆلدى دېگەن؟» دەپ
قىلغان شېرىن پوپوزىڭىزنى.

تۇرۇپ قالدىم دەردلىك سۈكۈتتە،
بۈگۈن مەنمۇ شۇم خەۋەر ئاڭلاپ.
قېنى، يالغان بولسىدى بۇ سۆز،
ئېقىتسۇەرسەك دەرياغا تاشلاپ.
كىم داۋاندىن سىيرىلدى دېگەن،
ياق، ياق، تېخى داۋانلاردا سىز.
توپى بولار چاقچاقنىڭ تالاي،
چاقچاق سۆيگەن ئارمانلاردا سىز.

تىنچ يېتىڭ، مەشرەپ پەيتىدە،
«ئەدەپ !» دېگەن يىگىتتەك، بىر زۇم،
سىزگە باغرى قانمىغان كۈلكە،
قەبرىڭىزدىن ياڭرايدۇ چوقۇم!

تۇپرىقىڭىزدىن قىزىلگۈللەر ئۈنسۇن قەدىردان ھېسام قۇربان ئاكا، بىز سىزنى ھەر دائىم ئەسلەيمىز، سېغىنىمىز. ئەلۋىدا كۈلكە سۇلتانى!

2013-يىل 12-ئاينىڭ 23-كۈنى. ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com




ئەركىن مۇھەممەت خاقان

100 نەچچە يىلدىن بېرى خەلق قەلبىدە يادلىنىپ، ئاچچىق ھەجۋىي، چوڭقۇر مەسخىرە، ئۆتكۈر كۈلكىلىك لەتىپىلىرى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا، يۇرتتىن يۇرتقا، زاماندىن ـ زامانغا تارقىلىپ، قەدىرلىنىپ كېلىۋاتقان داڭلىق خەلق قىزىقچىسى موللازەيدىن توغرۇلۇق خېلى كۆپ ئەسەرلەر يېزىلدى. بۇلاردىن مەرھۇم خېۋىر تۆمۈر ئەپەندىنىڭ 1981 ـ يىلى ۋە 1991 ـ يىللىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئىككى قىسىملىق «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» ناملىق ئەسىرىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا خېۋىر تۆمۈر ۋە يۈسۈپ ھەسەن ئەپەندىلەر يىغىپ رەتلىگەن موللازەيدىننىڭ بىر قىسىم لەتىپىلىرى «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1980 ـ يىللىق بەزىبىر سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا موللازەيدىننىڭ قىسمەن ھاياتىي پائالىيەتلىرى «تەڭرىتاغ كىنو ئىستۇدىيەسى» تەرىپىدىن كىنو قىلىپ ئىشلەندى.

يەنە «پىچان تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 14 ـ قىسمى، ياقۇپ يۈسۈپ يازغان، 1999 ـ يىلى 8 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان «قەدىمىي دىيار — پىچان» ناملىق كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان. ئابدۇرېشىت ئەخمەتنىڭ «پىچان تارىخ ماتېرىياللىرى» 16 ـ قىسىم، 2000 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «لۇكچۇننىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتا، ئۆمەرجان سىدىقنىڭ 2005 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «بىلىمنامە — سېھىرلىك زېمىن تۇرپان» ناملىق كىتابلاردا موللازەيدىننىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى بېرىلگەن.

مەن يېقىندا موللازەيدىن توغرۇلۇق ئىزدىنىش جەريانىدا، يەنە بىر قىسىم مەسىلىلەرنى بايقىدىم. شۇ سەۋەبتىن بۇ قېتىم موللازەيدىننىڭ بىر قەدەر ئېنىق ۋە تەپسىلىيرەك تەرجىمھالىنى يېزىپ چىقىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتىم.

موللازەيدىن 1815 ـ يىلى لۈكچۈن شەھىرى باغرى يېزىسىنىڭ قوشبىشى مەھەللىسىدە سەيدۇل قوغۇنچى ئىسىملىك بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئەسلىي ئىسمى زەيدىن بولۇپ، كېيىن مەدرىستە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئۆتكۈرلۈكى ۋە تالانتقا قارىتا خەلق تەرىپىدىن «موللا» دېگەن نام ئىنئام قىلىنىپ، «موللازەيدىن» دەپ ئاتالغان.

موللازەيدىننىڭ ھاياتىنىڭ ئۆزىمۇ بىر قىزىقارلىق

لەتىپە. چۈنكى ئۇ ئۆمرىدە تۆت ۋاڭ دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئۇ تۇغۇلغان يىلى ئىمىن خوجىنىڭ 7-ئوغلى پەرىدون ۋاڭ تەختتە ئولتۇرغىنىغا ئەمدىلا بىر يىل بولغاندا، يەنى 1814-يىلى تەختتە ئولتۇرۇپ، 1815-يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد سەئىد 1816-يىلى لۈكچۈن ۋاڭلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان.

موللازەيدىن باللىق چاغلىرىدا زېھنى ئۆتكۈر، چېچەن بالا بولۇپ يېتىلگەن. ئاتىسى سەيدۇل قوغۇنچى تۇرمۇشى نامرات بولسىمۇ، خاتىرجەم، كۆڭۈل توق، تۇرمۇشقا شۈكۈر قىلىپ، كۈنلىرىنى شاھەتەك ئۆتكۈزىدىغان، مەشرەپ-باراۋەتتىن قالمايدىغان خۇش چاقچاق، سازەندە كىشى ئىدى.

موللازەيدىن ئالتە ياشلارغا كىرگەندە قوشبېشىدىكى مەھەللە مەدرىسىدە ئوقۇپ خەت ساۋاتىنى چىقارغان. ئوقۇشقا كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ تالانتى ئاشكارىلىنىشقا باشلاپ، قۇرداش تالىپلار ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ، ھەممىنى بېسىپ چۈشكەن. بۇنى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى «پەيشەنبىلىك» ناملىق لەتىپىسىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

«موللازەيدىننىڭ موللىسى ياخشىراق پەيشەنبىلىك ئېلىش كويىدا تالىپلىرىغا مۇنداق قاپىيەلىك جۈملىلەرنى ئۆگىتىدىكەن:

ئېلىپقا لام ئېلىپنى قوشسا ئاللا بولۇر،
ئۇستازىدىن دۇئا ئالسا موللا بولۇر.

پەيشەنبىلىك ئېلىپ كېلەلمەي ئازابلانغان موللازەيدىن مۇنداق ئىككى مىسرا نەزمە تۈزۈپ موللىسىغا بېرىپتۇ:

باي باللىرىدىن ئالسا ئوبدان ھالال بولۇر،
نامراتلاردىن ئالسا بەكمۇ ئۇۋال بولۇر.»

بىز بۇ لەتىپىدىن بىرىنچىدىن، موللازەيدىن ئائىلىسىنىڭ نامرات، يوقسۇللۇقىنى؛ ئىككىنچىدىن، گۆدەك زەيدىننىڭ ھازىر جاۋاب ئۆتكۈرلۈكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. زەيدىن موللىغا ئوقۇشقا كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ئاتىسى تۈگەپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئاپىسى راھىلە بۈۋىنىڭ تەربىيىسىگە قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ھەسسىلەپ ئاشقان. شۇنداقتىمۇ زەيدىن ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى بىلەن ھېچكىمگە بوزەك بولماي، مەكتەپتە ئەلا ئوقۇغان. مەسىلەن، «گۈلسىز خەلپەت» دېگەن لەتىپە يۇقىرىقى باياناتلارنى تېخىمۇ تولۇقلايدۇ.

«گۆدەك موللازەيدىن مەدرىس ھويلىسىدا ساۋاقداشلىرى بىلەن چاقچاق قىلىشىپ تۇرغاندا، خەلپەت كېلىپ ناماز ئۆتەشكە قوغلاپتۇ. باللار خەلپەتنىڭ گېپىگە سوغۇق مۇئامىلىدە بولغانىكەن. خەلپەت كېلىپ كالا شىرىسىدە ياسالغان پالاق (دەررە) بىلەن باللارنى ئۇرۇپ-سوقۇپ، ھەممىسىنى ھەيدەپ تارقىتىپتۇ. شۇ چاغدا پالاق ياش موللازەيدىننىڭمۇ تېگىپتۇ. بۇنداق ۋاڭ-چۇڭنى ئاڭلىغان موللىسى ئۆيدىن چىقىپ: يىغلىماڭلار باللىرىم، پالاق تەگكەن يەردىن قىيامەت كۈنى گۈل ئۈنۈپ چىقىدۇ دەپتۇ. موللازەيدىن دەرھال: گۈل ئۈنىدىغان ئىش بولسا، خەلپىتىمنى بىزمۇ ئۇرۇپ قويايلى، قىيامەت بولغاندا خەلپىتىم گۈلسىز خەلپەت بولۇپ قالمىسۇن، — دەپتۇ. شۇ چاغدا موللىسى باللارنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ: ئۇنداق قىلماڭلار، مەن سىلەر خالىغان باشقا بىرسىنى خەلپىتىلىككە بەلگىلەپ بېرەي، — دەپتۇ.»

بۇ لەتىپىدىن موللازەيدىننىڭ ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان، ئىسيانكارلىق روھى چىقىپ تۇرىدۇ. لەتىپە دېمەك — لەتىپىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچىنىڭ مەلۇم تېپىك شارائىتتىكى ھاياتىي پائالىيەتلىرى دېمەكتۇر.

موللازەيدىن 11 ياشلارغا كىرگەندە مەھەللە مەدرىسىنى پۈتكۈزۈپ، لۈكچۈن خانلىق مەدرىسكە ئوقۇشقا كىرگەن. دەل شۇ يىلى، يەنى 1826-يىلى مۇھەممەد سەئىد ۋاڭ قەشقەردە جاھانگىر خوجا توپىلاڭچىلىرى تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. توپىلاڭ تىنچىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالتە ياشلىق ئوغلى ئەفرىدۇن ۋاڭلىق تەختىدە ئولتۇرغان. موللازەيدىن يۇقىرىقى دەۋر بۆلگۈچ ۋەقەلەرگە بىۋاستە شاھىت بولغان.

موللازەيدىن خانلىق مەدرىسكە ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشقان. يەنە بىر تەرەپتىن، يوغان سەللە، ئۇزۇن پەرىجىگە ئورۇنۇۋېلىپ، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك قىلىپ بىچارە خەلقنىڭ قېنىنى پارازىت قۇرتتەك شوراپ، يوقسۇللارنى قاقشىتىدىغان «موللا»لارنى ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر لەتىپىلىرى، بېيىت-قوشاقلىرى بىلەن قامچىلىغان. زالىم قازىلاردىن تارتىپ، خۇراپىي بۈۋى، مۇتەئەسسىپ ئىشان-سوپىلارنىڭ ئالدامچىلىق قىلمىشلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



سۆككەن، پاش قىلغان. شۇ سەۋەبتىن بىر نەچچە قېتىم مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى، زاھىر قارى ھاجى تەرىپىدىن جا- زاغا تارتىلغان. شۇنداقتىمۇ قازى، مۇدەررىسلەر موللازەي- دىنىنىڭ تالانتىغا قايىل بولماي تۇرالمىغان. بۇ يەردە بىز موللازەيدىنىنىڭ بىر قېتىملىق سوراققا تارتىلىشى توغرىسى- دىكى لەتىپىنى كۆرۈپ ئۆتسەك كۇپايە:

«موللازەيدىن خۇراپىي ئۈرپ- ئادەتلەرگە قارىتا نۇرغۇن قاپىيەلىك گەپ- سۆزلەرنى، بېيىت- قوشاقلارنى چىقارغاندىن كېيىن، كونىلىق تەرەپتارلىرىدىن بولغان مۇ تەئەسسىپلەر قازىخانىغا موللازەيدىننى چېقىپتۇ.

بىر كۈنى قازى موللازەيدىننى چاقىرتىپ كېلىپ سو- راققا تارتىپتۇ:

— سەن كۇپۇر سۆز، نەزمە- بېيىتلەرنى كىمدىن ئۆ- گەندىڭ؟

موللازەيدىن: كۇپۇر سۆزلەر چىقادۇر،
كۇفرى ئادەمدىن.
ھەق سۆزلەر چىقاردۇر،
توغرا ئادەمدىن.

قازى: سېنىڭ بۇ ئېيتقان ھەم يازغانلىرىڭ كۇپۇر تۇ- رۇپتىغۇ! سەن كاپىرمۇ، نېمە؟

موللازەيدىن:
موللىنى كاپىر دېمىسىلە
موللا كاپىردىن يامان.
موللىنى كاپىر دېگەنلەر،
ھەممە كاپىردىن يامان.

قازى: ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسىگە لەقەم قويۇشۇڭغا با- ئىسى نېمە؟

موللازەيدىن:
موللىلارنىڭ ئىشىدىن،
بايقاپ قىبرى- يېشىدىن.
لەقەم چۈشەر، قىلمىشىغا،
ئۆتكۈزدىلەر بىشىدىن.

قازى: ھەي، خوتۇن تالاق، سەن نېمانچە قوشاقچى بولۇپ كەتتىڭ؟

موللازەيدىن:
چېكىلدىغان چۆجەكنىڭ،
توخۇمى پالاق بولۇرمۇ؟
ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ،
خوتۇنى تالاق بولۇرمۇ؟
...

ھەر بىر جاۋابتىن كېيىن چوڭ- كىچىك موللىلارنىڭ ھەممىسى ئىختىيارسىز كۈلۈپ تۇرغانلىقتىن، قازى بىر ئۆزى ئاچچىقلىنىپ، ئاخىر ئۇمۇ كۈلۈپ تاشلاپتۇ.

قازى: سېنى بىز سوراق قىلمىزمۇ، سەن بىزنى سوراق قىلامسەن، قايسىسى ھەق؟

موللازەيدىن:
ھەق- ناھەقنىڭ مۇساپىسى،
كۆز بىلەن قۇلاق ئارىسى.
كۆرمەي تۇرۇپ راست دېگەن،
ھاماقەتنىڭ چاي خالتىسى.

قازى: ئۆلىمالارنى تەسقىر قىلىپ قويغان لەقەملىرىڭ- گە دەلىل- ئىسپات كۆرسىتىپ بېرەلەمسەن؟

موللازەيدىن:
دەلىل- ئىسپات تەيياردۇر،
ئاسماندىن چۈشەر لەقەم.
مەردلىك بىلەن چىدىسىلا،
ماڭا سالماي دەرد- ئەلەم.

قازى ئۇنىڭ گەپچىلىكىنى ئاڭلىغۇسى كېلىپ، تاكى سۆزى تۈگىگىچە شۈك تۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن موللا- زەيدىن قازىخانىغا بۇ تاماشىنى كۆرگىلى كەلگەن خەلققە قاراپ، مەغرۇرانە قىيابەت بىلەن مۇنداق مۇخەممەسلەرنى ئوقۇپتۇ:

مەدرىسىگە تەئەللۇق كۆردۈم ۋەخپە بارلىغىن،
ئاخۇنۇملار تالاشدۇر، كۆردۈم ئىچى تارلىغىن.
ئەلەم ئاخۇن ھاكاۋۇر تۇتماس خۇدا يارلىغىن،
مۇپتى پەتىۋا ھەققى يەپ بىلمەس كۆڭلى قارلىغىن.
قارام، پىخسىق نەپسكەشلەر، كەلمەس ئاخىر زامانە.

قارى يادلار قۇرئاننى مەنىسىدىن بىخەۋەر،
خاتىپ ئۇقۇر خۇتبىنى، ئۇلۇغ شاھنى مەدھىيلەر.
موللا كۆپ، نەممام تولا قىلىپ بىر- بىر ھىيلىلەر،
مۇراد- مەقسەت بۇلارنىڭ ئۆز نەپسىنى شەرھلەر،
پىتنە- پاسات، غەيۋەتلەر بولماس ئاخىر زامانە.

قىرىق تاشنى توققۇز تىزىپ كاھىن ئېيتۇر يالغاننى،
ساھىر ئالۇر جۇدە دەپ، پالدىن ئېشىپ قالغاننى.

هۆكما سۇپەت پىرىخون، كۆردۇم داپنى چالغاننى،
ئافزىدا لاپ، قولىدا داپ، بىلمەس قولى تالغاننى،
سېھرگەرلىك، ئالدامچىلىق ئاقماس ئاخىر زامانى.
...

مۇللازەيدىن مۇشۇنداق نەزمىلەردىن خېلى كۆپ
ئوقۇپتۇ، ھەممەيلەن شۇك تۇرۇپ قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ-
تۇ.

ئاخىردا مۇللازەيدىننى خەلق ئاممىسى ھۆرمەتلەپ
قۇچاقلىۋاپتۇ. قازى، ئەلەم- مۇپتىلار خەلقنىڭ مۇللازەي-
دىننى مۇنداق ھىمايە قىلغانلىقىدىن جازا بېرىشكە ئامالسىز
قاپتۇ. پەقەت «مۇشرىك»، «جەددىت» دەپ نام بېرىپتۇ.
مۇللازەيدىن مۇشۇنداق ئەمەلىي پاكىت ۋە خەلقنىڭ
ھىمايە قىلىشى بىلەن، قازى- مۇپتىلارنىڭ كۆپ قېتىملىق
جازالىرىدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، ھىيلىگەر سۇخەن-
چىلەر يەنىلا ئۇنىڭ گەپچىلىك قىلىشىنى، قوشاق- نەزمە
يېزىشىنى چەكلىگەن. لېكىن جاسارەتلىك مۇللازەيدىن
بۇنداق جازالارغا پىسەنت قىلماي، ئۆزى توغرا دەپ قا-
رىغان يولدا دادىل قەدەملىرى بىلەن مېڭىۋەرگەن. قىزىق-
چىلىق، ناخشا- ساز، بېيىت- قوشاقلىرى بىلەن نامرات- بە-
چارىلەرنىڭ خەستە دىللىرىغا مەلھەم بولۇپ، خەلقنىڭ
كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئالغان. بىر تەرەپتىن مەدرىستە
ئەلا ئوقۇپ، مۇدەررىس ۋە ساۋاقداشلىرىنى تاڭ قالدۇر-
غان.

ئۇ مەدرىسكە كىرىپ بىر يىل بولغاندا لۈكچۈن
ۋاڭلىق مەدرىسنىڭ باش مۇدەررىسى، لۈكچۈننىڭ ئەلەم
ئاخۇنى داڭلىق شائىر ئەخمەت غوجامنىياز قىسۇرى 1827-
يىلى 110 يېشىدا لۈكچۈندە ۋاپات بولغان. مۇللازەيدىن
شائىرغا قاتتىق ئەقىدە قىلىدىغان بولۇپ، شائىرنىڭ ۋاپا-
تى مۇللازەيدىنگە چوڭ زەربە بولغان. شۇنداقتىمۇ ئۇ
قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، قىسۇرىنىڭ داستان، شېئىر-
لىرىنى تەتقىق قىلىپ ئۆگەنگەن. شائىرنىڭ شېئىرلىرىغا
تەقلىد قىلىپ شېئىرلارنى يازغان. (لېكىن مۇللازەيدىننىڭ
خەلق ئىچىدە ۋە لەتىپىلىرى تەركىبىدە ساقلىنىپ قالغان
ئاز بىر قىسىم شېئىرلىرىدىن باشقا ئەسەرلىرى زامانىمىزغى-
چە يېتىپ كېلەلمىگەن.)

مۇللازەيدىن ئالتە يىللىق مەدرىستە ئوقۇش جەريا-
نىدا قۇرئان كەرىمنى يادلاپ بولغاندىن سىرت، ئەرەبچە،
پارسچە تىللارنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن. ھەر خىل ئەرەب-
چە كىتابلارغا ۋە قۇرئان كەرىمگە بىمالال مەنە ئېيتالاي-
دىغان بولغان. ئەدەبىيات جەھەتتە، نەۋايى، سوپى ئاللا
يار، خوجا ھاپىز قاتارلىقلارنىڭ مۇناجات، قەسىدە كىتابلى-
رىنى، قۇل خوجائەخمەت، شاھ مەشرەپ قاتارلىق شائىر-
لارنىڭ شېئىرلىرىنى ئۆگىنىپ شېئىرىيەت ئىلمىنى مۇكەم-
مەل ئىگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاغزىنى ئاچسىلا نەزمە-
قوشاق تۆكۈلىدىغان، سازنى قولىغا ئالسىلا، ناخشا-
سازنىڭ سېھرىي كۈچى يۈرەكلەرنى ئىختىيارسىز تىترىتە-
لەيدىغان دەرىجىدە كامالەت تاپقان. بۇ ھۆكۈممىزنى ئۇنىڭ
«سوراقتا تارتىلىش»، «بىر تاۋاق پولۇ»، بېيجىڭ سەپى-
رىدە تۇغۇلغان «ھازىرجاۋاب نەزمە»، «قورساق ۋە
بۇرۇن»، «جاۋاب تاپالمىسىلا شەھەر بەرسىلە» قاتارلىق
نۇرغۇن لەتىپىلىرى ئىسپاتلايدۇ.

لېكىن مۇتەئەسسىپلەر مۇللازەيدىننىڭ تالانتى ۋە
ئەل ئىچىدە كۈندىن- كۈنگە ئېشىۋاتقان ھۆرمىتىگە
ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭ توقۇغان لەتىپە، قوشاق- نەزمىلىرى-
نى ساپاق قىلىپ، ئۇنىڭغا بوھتان چاپلاپ مەدرىستىن
قوغلاپ چىقارغان.

ئۇ مەدرىستىن يېنىپ چىققاندىن كېيىن خەلققە ھەق-
قىي مەنسۇپ بولغان. خەلق ئىچىدە دائىم ئۆتكۈزۈلۈپ
تۇرىدىغان توي- تۆكۈن، بەزمە- باراۋەت، مەشرەپلەرگە
تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ سۆزمەن، ھازىرجاۋاب،
گەپدانلىقى بىلەن تونۇشۇپ خەلق ئارىسىدا «مۇللازەي-
دىن گەپچى» دېگەن نام بىلەن داڭ چىقارغان. مۇللا
زەيدىن ئىككى- ئۈچ يىل ئەل ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ،
توي- تۆكۈن، مەشرەپلەردە، خەلق توپلاشقان سورۇنلار-
دا قىزىقچىلىق ۋە سازەندىلىك قىلىپ جاھاندارچىلىق
قىلىش جەريانىدا، ئەمگەكچى خەلقنىڭ سىرداش دوستىغا،
قىزىقچىسىغا ۋە يۈرەك دورىسىغا ئايلىنىپ، خەلق ئارىسى-
دا يۇقىرى ھۆرمەتكە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ شاڭخو پاراڭلى-
رى، كۈلكىلىك لەتىپىلىرى ئېغىزدىن- ئېغىزغا، مەھەللىدىن-
مەھەللىگە، يۇرتتىن- يۇرتقا تارقىلىپ، كۈلكە- تاماشىنىڭ
دەستۇرىغا ئايلىنىپ، قومۇل، لۈكچۈن ۋاڭلىرىنىڭ قۇلىقى-
غىمۇ يەتكەن.

شۇ زامانلاردا لۈكچۈن، قومۇلدىكى ۋاڭ ئوردىلىرى-
دا چاقچاقچى ماھىر، گەپدانلارنى تاللاپ ئوردا خىزمەتچى-
سى قىلىش ئادىتى بار ئىدى. شۇڭا تەخمىنەن 1835- يىللى-
لىرى نوجى مۇللا مەخسۇم دېگەن كىشى مۇللازەيدىننى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



لۈكچۈن ۋاڭى ئەفرىدونغا تونۇشتۇرغان. موللازەيدىننىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان ئەفرىدون ۋاڭ ئۇنى ئوردىغا ئەكىلىۋالغان، شۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 20 ياشلارغا كىرگەنىدى.

موللازەيدىن ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا تېخىمۇ چوڭ مەيدان ۋە ئەۋزەل شارائىت هازىرلانغان. ئوردا ئىچىدىكى ئادالەتسىزلىك، پەسكەشلىك، بىر-بىرىنىڭ ئورنىنى كولاش، خۇشامەتچىلىك، تەخسكەشلىك، تەڭسىزلىك ئىللەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بولغان نەپرىتى تېخىمۇ كۈچەيگەن. ئېزىلگۈچى خەلق ئاممىسىغا بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقان. گەرچە موللازەيدىن ئوردىدا ۋاڭنىڭ قىزىقچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ پەم-پاراستى ۋە تالانتىنى ئىشقا سېلىپ، زالىم ۋاڭنى يۇمشاق ئۇسۇللار بىلەن راسا قامچىلىغان. مەسخىرىلىك شاڭخو پاراڭلىرى بىلەن ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ يالاقچىلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلغان. ئۇلارنىڭ دۆتلۈكىنى، نادانلىقىنى، زالىم، ئاچ كۆزلۈكىنى پاش قىلغان، شۇنداقلا ۋاڭ ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلغان فېئودال كۈچلەرنىڭ ئەپت-بەشىرىسىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلىغان. بۇنىڭغا چىدىمىغان ئەفرىدون ۋاڭ موللازەيدىننى سەككىز قېتىم ئوردىدىن قوغلاپ چىقارغان. لېكىن قىزىقچىلىق ۋە سۆزمەنلىكتە ئۇنىڭدىنمۇ ئىقتىدارلىق بىرەيلەننى تاپالمىغانلىقتىن، توققۇزىنچى قېتىم يەنە چاقىرتىپ كېلىپ «شېرىن دۈشمىنىم» دەپ ئاتىغان. موللازەيدىن ئۇزاق مەزگىل ئوردىدا خىزمەت قىلغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر نامىغا قىلچە داغ تەگكۈزمىگەن. ئەقىل-پاراستى، ئۆتكۈر تىل ۋە هازىر جاۋاب گەپدانلىقىغا تايىنىپ، ۋاڭنى ئۆزىدىن بىردەممۇ ئايرىلالماس قىلىۋەتكەن.

ئەفرىدون ۋاڭ بېيجىڭ خاننى زىيارەت قىلىپ تۇردىغان ئادىتى بويىچە، بېيجىڭغا بارىدىغان بولۇپ، خانغا سوۋغا قىلىدىغان ئالتۇن-كۈمۈش ۋە خان ياخشى كۆرىدىغان 18 خىل شېرىن يەل-يېمىشلەرنى تەييارلىتىپ، يولدا زېرىكمەسلىك ئۈچۈن قىزىقچىلىق قىلىپ ماڭىدىغانغا موللازەيدىننى مەيكەش قىلىۋالغان. سەپەرگە چىقىش ئالدىدا يۇرت مۆتىۋەرلىرى، ۋاڭ جەمەتلىرى بولۇپ نۇرغۇن كىشىلەر لۈكچۈن شەهرىنىڭ چاسا كوچىسىغا ئۇزىتىشقا كەپتۇ. ئەفرىدون ۋاڭ ئېگىز ئوردىدىن كېلىۋېتىپ ئادەملەر توپلانغان يەرگە كەلگەندە هاياجانلىنىپ كېتىپ، مۇنداق كۆپ ئادەمگە سۆز قىلىشقا ئاجىز كەپتۇ ۋە موللازەيدىنگە ئەمر قىلىپ: «مېنىڭ ئۈچۈن ئامۇ خاسقا بىر نەزمە ئوقۇپ بەرگىنە» دەپتۇ.

موللازەيدىن دەرهاللا مۇنداق بىر نەزمە ئوقۇپتۇ:

خۇدا رەهمەت قىلغايلار، ئۇلۇغ-كىچىك جامائەت،
سەپەر قىلدۇق بېيجىڭغا ئۇلۇغ خاننى زىيارەت.
ئەل-جامائەتتىن تىلەيمىز دۇئا، خەير-تىلاۋەت،
بىزلەر قايتىپ كەلگۈچە خۇدا قىلغاي سالامەت.

توپلانغان خەلق نەزمىنى ئاڭلاپ بارىكاللىسى كۆككە كۆتۈرۈلۈپتۇ، ۋاڭ بۇ گەپچىنىڭ دەرهاللا قاملاشتۇرۇپ، شۇنچىلىك نەزمە ئېيتىپ بېرەلىگىنىگە ئاپىرىنتەھسىن ئوقۇپتۇ.

بېيجىڭغا ئاتلىق بېرىپ-كېلىش ئۈچۈن بىر يىل ۋاقت كېتىدىغان بولۇپ، موللازەيدىن يولبويى بەزىدە تېپىشماق ئېيتىپ، بەزىدە ناخشا-ساز بىلەن ۋاڭنى پەقەت زېرىكتۈرمىگەن. «قورساق ۋە بۇرۇن»، «جاۋاب تاپالمىسىلا شەهەر بەرسىلە»، «ئالمىخان بىلەن كۆرۈشكەندە قانائەت تاپقاي»، «تاغىرىم توشقاندا توختايمەن»، «تالاق دېگەن شۇ» قاتارلىق لەتىپىلەر نەق ئاشۇ سەپەر جەريانىنىڭ خاتىرىسى هېسابلىنىدۇ. بۇ لەتىپىلەردىن موللا زەيدىننىڭ سۆزمەن، هازىر جاۋاب تالانتى نامايان بولىدۇ، شۇنداقلا تېپىشماق ئېيتىش قاتارلىق هەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ۋاڭغا شەرت قويۇپ، ئۇنىڭدىن ئادالەت ۋە خەلقپەرۋەرلىكنى تەلەپ قىلىدۇ.

موللازەيدىننىڭ ياشلىقى ئەنە شۇنداق ياقا-يۇرتلاردا يۇرت كېزىش ۋە مۇساپىرچىلىقتا ئۆتكەن. شۇڭا ئۇ ياخشى كۆرگەن قىزى ئالمىخان بىلەن قوشۇلۇشقا پۇرسەت بولماي، 30 ياشلارغا كىرگۈچە ئۆيلىنەلمىگەن. خەلق ئىچىدە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ، تارقىلىپ كېلىۋاتقان «ئالمىخان» قوشىقى موللا زەيدىننىڭ ياقا-يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئۆز سۆيگۈنى ئالمىخاننى ياد ئېتىپ توقۇغان قوشاقتۇر، موللازەيدىن 30 ياشلارغا كىرگەندىلا ئاندىن ئالمىخان بىلەن توي قىلالىغان.

تەخمىنەن مىلادى 1852-يىلى ئەفرىدون ۋاڭ يەكەنگە هاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. ۋاڭ موللازەيدىندىن

ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، ئۇنى يەكەنگە بىللە ئېلىپ بارغان.

موللازەيدىن يەكەنگە بارغاندىن كېيىن ئەفرىدون ۋاڭنىڭ يېقىن ئادىمى قاتارىدا ھاكىمبەگ ئوردىسىدا تۇردۇ. قولىدىن كېلىشىچە خەلققە ياخشىلىق قىلىپ، ۋاڭنىڭ چېكىدىن ئاشقان قىلمىشلىرىنى ئاگاھلاندۇردۇ. بۇ مەزگىللەردە يەكەننىڭ، جۈملىدىن قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى مۇرەككەپ بولۇپ، چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكلىرى ئۈزۈلمەيتتى. بىچارە، نامرات، نادان پۇقرالارنى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مەقسەتلىرى ئۈچۈن قۇربان قىلىپ، تەپرىقىچىلىك، زىددىيەت تېرىپ، دىنىي جەھەتتىن بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، نەچچە 1000 يىلدىن بېرى بۇ تۇپراقتا ياشاپ، بىر ئۇستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچىپ كېلىۋاتقان بىر قوۋمدىكى تىلى بىر، دىلى بىر، نىيەت ئىقبالى بىر كىشىلەرنى بىر-بىرىگە دۈشمەنلەشتۈرۈپ، مەزھەپچىلىك، سوپى-دەرۋىشلىك، گۇرۇھۋازلىق ۋە تەركىدۇنياچىلىق ئىمزالىرىغا سېلىۋەتكەن. قەشقەر زىددىيەت تۇمانلىرى ئىچىدە چاك-چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن.

موللازەيدىن بۇ رېئاللىقنى كۆرۈپ خەلقنىڭ ھالىغا ئېچىنغان، تەپرىقىچىلىك، بۆلگۈنچىلىك ۋە مەزھەپپازلىقنىڭ ھەرگىز ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى، بەلكى خار-زەبۇنلۇق، ۋەيرانچىلىققا باشلايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. بۇ مەزگىللەردە ئەفرىدون ۋاڭمۇ ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىگە ئانچە ئېتىبار قىلمايدىغان بولۇۋالغان.

شۇڭا موللازەيدىن مىلادى 1860-يىللىرى لۈكچۈنگە قايتىشنى قارار قىلىپ، ئۆزى يازغان نەسىھەت خاراكتېردىكى بىر مۇنچە ئىبرەتلىك شېئىرلىرىنى ۋاڭغا قالدۇرۇپ، يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن. موللازەيدىن قايتىپ كېلىپ ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يەر ھۆددىگە ئېلىپ قوغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئەپسۇس ئۇزاق ئۆتمەي، يەنى 1865-يىلىغا كەلگەندە ياقۇپبەگ باشچىلىقىدىكى ئەنجان تاجاۋۇزچىلىرى پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىگىلەپ، تۇرپان رايونىغا باستۇرۇپ كەلگەن. بۇ چاغدا قەشقەردە ھاكىمبەگ بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەفرىدون ۋاڭ ياقۇپبەگ تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىنغان، شۇنىڭ بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىمۇ ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قېلىپ، پۇقرالارنىڭ كۈنى تېخىمۇ تەسلەشكەن.

1872-يىلى ئەفرىدون ۋاڭ ئەقلىدىن ئېزىپ، قەشقەردە ۋاپات بولغان.

موللازەيدىن 1880-يىلى كۈز مەزگىلىدە، ئۆزىگە لۈكچۈن شەھىرىنىڭ شەرقىي قوۋۇق سىرتىدىكى ئاچا يول دوقمۇشىغا گۈمبەزلىك قىلىپ قەبرە ياساتقان. قەبرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تام سوقتۇرۇپ، ئالدى-كەينىگە ئىشىك ئورنى قويۇپ قويغان. گۈمبەزنىڭ بېشىغا بىر ياغاچ تاختا ئورنىتىپ، ئۇنىڭغا ئىككى مىسرا ھەجۋىي شېئىر يېزىپ قالدۇرغان. ئۇ 1881-يىلى ئەتىياز پەسلىدە لۈكچۈندە 65 يېشىدا ۋاپات بولغان. موللازەيدىن ۋاپات بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي ئەفرىدون ۋاڭنىڭ ئوغلى مامۇت لۈكچۈن ۋاڭلىق تەختىگە ئولتۇرغان.

موللازەيدىننىڭ قەبرىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە: كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا ئايالى ئالىمخاننىڭ، ئىككى تەرىپىگە ئىككى پەرزەنتىنىڭ قەبرىسى قويۇلغانىكەن.

ئاپەتلىك يىللاردا بۇ قەبرىلەر بىر تۇتاش يۆتكىۋېتىلگەن. قەبرىلەرنى يۆتكەش ئىشلىرىغا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە: موللازەيدىننىڭ قەبرىسىنى قازغاندا ئاستى-ئۈستى تۆت قەۋەت قەبرە چىققان بولۇپ، كىشىلەر بۇ قەبرىنىڭ سۆڭەكلىرىنى خالتىغا قاچىلاپ، ھازىرقى شورخانا مەسچىت كەينىدىكى قەبرىستانلىققا ئەكىلىپ قايتىدىن دەپنە قىلغان. ھازىر مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈپ كۈچ چىقىرىشى بىلەن موللازەيدىننىڭ مەقبەرىسى قايتا تۇرغۇزۇلۇش ئالدىدا تۇرماقتا.

موللازەيدىننىڭ ئەۋلادلىرى ھازىر تۇرپان، ئايدىڭكۆل، ئۈرۈمچىلەرگە تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، يەنە بەزىلىرى ھەجگە بېرىش سەۋەبى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

پايدىلانغان مەنبەلەر:

1. «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
2. ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەر.
3. ئۆزۈم ئىزدىنىپ تاپقان بىر قىسىم ماتېرىياللار.

(ئاپتور: پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازار ئۇچكۆۋرۈك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇرلاردا ئائىلىدە تەييارلانغان مېۋە شەربىتى

مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن

ھەكىم، تېۋىپلارنىڭ كېسەل داۋالاش ئۈچۈن تەييارلايدىغان شەربەتلىرىنىڭ تۈرى بەك كۆپ. يەنە كېلىپ بۇنداق شەربەتلەر دورا ئۈسۈملۈكلىرى، قۇش، ھايۋان، ھاشاراتلارنىڭ مەلۇم ئەزاسى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ ئېزىپ تەييارلىنىدۇ. بۇنداق شەربەتلەرنى خالىغان ئادەم ئىچمەيدۇ. پەقەت مەلۇم كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەملەر ئۈلچەملىك ئىچىدۇ. بۇ يەردە تونۇشتۇرماقچى بولغان مېۋە شەربەتلىرى بىر خىل مېۋىنى ئاساس قىلغان، ئائىلە ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ تەييارلايدىغان، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش، لەززەتلىنىشنى مەقسەت قىلغان، بەدەنگە كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىدىغان، تەييارلاشقا ئالاھىدە تېخنىكا تەلەپ قىلمايدىغان مېۋە شەربەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئائىلىدە تەييارلايدىغان مېۋە شەربەتلىرىنىڭ تۈرىمۇ خېلى كۆپ، تەييارلاش ئۇسۇلىمۇ ئاددىي. مېۋىلەرمۇ ھەممە ئائىلىلەردە بار. بۈگۈنكىدەك ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ساغلاملىقىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىۋاتقان شارائىتتا بىر قىسىم مېۋە شەربەتلىرىنى ئائىلىدە تەييارلاپ ئىستېمال قىلساق ئۆزىمىزنىڭ ساغلاملىقىغا ئەھمىيەت بېرەلەيمىز. تۆۋەندە ئائىلىدە تەييارلىنىدىغان بىر قىسىم مېۋە شەربەتلىرىنىڭ تۈرى ھەم ئۇلارنىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## ئانار شەربىتى

ئانار ئادەتتە تاتلىق ئانار، ئاچچىق ئانار، ناخۇش ئانار دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە شەربەت تەييارلاشقا بولىدۇ.

## تاتلىق ئانار شەربىتى

ئانار 10-ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا قىزىرىپ پىشىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە ساقلاپ ئىستېمال قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى ئايرىۋالغاندىن كېيىن، يېرىلىپ كەتكەن ياكى ساقلاشقا بولمايدىغانلىرىنى دانلاپ پاكىزلىغاندىن كېيىن، ئالقان بىلەن سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ ئۇرۇقنى ئايرىيمىز، ئاندىن ئانارنىڭ سۈيىنى نېپىز ئەلگەك ياكى رەختتىن ئۆتكۈزۈپ، شەربەت قىسمىنى قاچىلارغا ئېلىپ ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىپ قويساق ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ ئىچىشكە بولىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق خۇرۇچ ئارىلاشتۇرۇلمايدۇ.

تاتلىق ئانار شەربىتىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق بولۇپ قاننى كۆپەيتىش، قاننى سۈيۇلدۇرۇش، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاش، چىراينى گۈزەللەشتۈرۈش رولىغا ئىگە.

## ئاچچىق ئانار شەربىتى

تەييارلاش ئۇسۇلى تاتلىق ئانارىدىن شەربەت تەييارلاش ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ.

ئاچچىق ئانار شەربىتى تەبىئىتى سوغۇق. خۇسۇسىيىتى ئىسسىقتىن بولغان زۇكامغا

پايدا قىلىدۇ. قىزىتما قايتۇرىدۇ. بەدەندىكى قاپارتمىلارنى يوقىتىدۇ. ھېچقانداق كېسەللىك ئالامىتى يوق كىشىلەرمۇ خالىغان ۋاقىتتا ئىستېمال قىلالايدۇ. تەمى سەل چۈچۈمەل بولۇپ، كۆڭۈلنى خۇش قىلىدۇ، چىرايىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ.

### ناخۇش ئانار شەربىتى

ناخۇش ئانار تاتلىق ئانارىدىن سەل چۈچۈمەلرەك، ئاچچىق ئانارىدىن سەل تاتلىقراق بولۇپ، شۇ پېتى ئىستېمال قىلىنسىمۇ، شەربەت تەييارلاپ ئىستېمال قىلىنسىمۇ بولىدۇ، تەبىئىتى مۆتىدىل بولۇپ مىجەزنى تەڭشەيدۇ.

### چىلان شەربىتى

چىلاننى قۇرۇق ئىستېمال قىلىنسىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئەجدادلىرىمىز چىلاندىن شەربەت تەييارلاپ ئىچىشكە ئادەتلەنگەن.

چىلاننىڭ مېۋىسىنى كۈزدە يىغىۋالغاندىن كېيىن، يۇيۇپ پاكىزلاپ قازانغا سېلىپ قاينىتىلىدۇ. چىلاننىڭ ئەت قىسمى تازا يۇمشاپ ئېزىلگەندە، قازاندىن ئېلىپ ئالىقان بىلەن ئېزىپ، نېپىز ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، كېرەكسىز قىسمىنى ئايرىپ ئېلىۋېتىپ، شەربەت قىسمى ئايرىۋېلىنىدۇ. ھېچقانداق قوشۇمچە خۇرۇچلار ئارىلاشتۇرۇلمايدۇ، ئۇسسۇزلۇق ئورنىدا ئىچىدۇ. چىلان شەربىتى قاننى تازىلاش، قان ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇش، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاش، رەئىس ئەزالارنىڭ ھەرىكىتىنى جانلاندۇرۇش رولىغا ئىگە.

### جىگدە شەربىتى

جىگدە ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ كۆلەمدە ئۆستۈرۈلىدىغان، تۇپراققا ماسلىششچانلىقى يۇقىرى، تۈرى كۆپ، مېۋىسىنىڭ تەمى تاتلىق، قەنت ماددىسى يۇقىرى مېۋە ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا جىدە مېۋىسىدىن شەربەت تەييارلىغان. جىگدە شەربىتى تەييارلاش ئۇسۇلىمۇ چىلان شەربىتى تەييارلاش ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ. جىگدە شەربىتى خاس ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىچىلىدۇ. جىگدە شەربىتىنىڭ تەمى تاتلىق، ئۇنى ئەتىياز ۋە ياز كۈنلىرى ئىستېمال قىلسا ئادەمگە ئالاھىدە ھوزۇر بېغىشلايدۇ. ئۆپكىنى ياشارتىپ يۈرەكنى راھەتلەندۈرىدۇ. جىگدە شەربىتى ئىچىش بۇرۇن ئائىلىلەردە ئادەتكە ئايلانغان. ھازىر رېستوران، چوڭ ئاشخانىلاردىمۇ جىگدە شەربىتى تەييارلاپ ئۇستەللەرگە قويۇلۇۋاتىدۇ. بازاردا خاس جىگدە شەربىتى ساتىدىغان كىچىك تىجارەتچىلەرمۇ مەيدانغا كەلدى.

### گۈلە سۈيى

ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا گۈلنى چىلاپ قويۇپ سۈيىنى ئىچىشكە ئادەتلەنگەن. گۈلە سۈيىنى تەييارلاشتا باشقا مېۋە شەربەتلىرىنى تەييارلىغانغا ئوخشاش گۈلنى قازانغا سېلىپ قاينىتىش ھاجەت ئەمەس. پەقەت گۈلنى پاكىز يۇيۇپ قاچىغا چىلاپ قويسىلا، ئىككى-ئۈچ سائەت ئەتراپىدا شەربەت تەييار بولىدۇ. گۈلە سۈيى كۆپىنچە ئەتىياز كۈنلىرى كۆپرەك ئىستېمال قىلىنىدۇ. گۈلە سۈيى تەملىك، خۇش پۇراق بولۇپ تۇسالغۇلارنى ئېچىش، ھەزىمنى ياخشىلاش رولىغا ئىگە.

### قاق سۈيى

قاق شاپتۇلنىڭ قۇرۇتۇۋېلىنغان مېۋىسىنى كۆرسىتىدۇ. شاپتۇل ئوبدان پىشقاندا ئوتتۇرىدىن يېرىپ ئۇرۇقىنى







ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com





ئېلىۋېتىپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ. قاق سۈيىنى تەييارلاش ئۇسۇلى گۈلە سۈيىنى تەييارلاش ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ. ئەتىياز كۈنلەردە ئادەمنىڭ لەۋلىرى قۇرغاقلىشىپ يېرىلىپ كېتىدۇ. يۈز تېرىسى يىرىكلىشىپ كېتىدۇ، ئەجدادلىرىمىز ئەتىياز كۈنلىرىدىكى مىجەزنى تەڭشەش، ئىشتىھاسىنى ئېچىش، روھىي ھالىتىنى نورماللاشتۇرۇش، تېرىسىنى ئاسراش ئۈچۈن قاق سۈيى تەييارلاپ ئىستېمال قىلغان. قاق سۈيى ئاشۇ خىل كېسەللىكنىڭ ئەڭ ياخشى دورىسى. قاق چىلاپ سۈيىنى ئىچىش ئەجدادلىرىمىز ئىچىدە ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قاق، گۈل سۈيى ساتىدىغان مەخسۇس كىچىك تىجارەتچىلەرمۇ مەيدانغا كەلدى.

### ئۈزۈم سۈيى

ئۈزۈم ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، قەنت ماددىسى كۆپ مېۋە تۈرلىرىنىڭ بىرى. رايونىمىز شىنجاڭ ئۈزۈم ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. مەخسۇس كۆلەملەشتۈرۈلگەن ئۈزۈملۈك باغلار بولغاندىن سىرت، ھويلىدا ئۈزۈم ئۆستۈرۈشمۇ كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان. ئۈزۈمنى ھۆل پېتى ئىستېمال قىلىشمۇ بولىدۇ، قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىشمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇرلار قۇرۇتۇلغان ئۈزۈمنى سۇغا چىلاپ ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغاندىن سىرت، بەدەنگە كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ، تەمى تاتلىق، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ، تېرىنى پارقىرىتىدۇ. ئۈزۈم سۈيىگە ھېچقانداق قوشۇمچە خۇرۇچ ئارىلاشتۇرۇلمايدۇ، ئۈزۈم ئېچىتىلمايدۇ، شۇڭا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى بىمالال ئىستېمال قىلىۋېرىدۇ.

### قارىئۆرۈك شەربىتى

قارىئۆرۈك مېۋىسىنىڭ دورىلىق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى، قارىئۆرۈك شەربىتى قان ئايلىنىشنى ياخشىلايدۇ. قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىدۇ. ئىسسىقلىقنى باسىدۇ. قارىئۆرۈك شەربىتىنىڭ تەبىئىتى سوغۇق. تەمى سەل چۈچۈمەل بولۇپ ئۇيغۇرلار ئۇنى سۇغا چىلاپ سۈيىنى ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ. سۈيىنىڭ تەمى تاتلىق، خۇش پۇراق بولۇپ، ئۇسسۇزلۇق ئورنىدا ئىچىدۇ.

### شاتۇت شەربىتى

شاتۇت ياز ئوتتۇرىسىدا پىشىدىغان، رەڭگى قارامتۇل، تەمى چۈچۈك، دورىلىق قىممىتى يۇقىرى مېۋىلەرنىڭ بىرى. شاتۇتنىڭ تەبىئىتى سوغۇق، بەدەننىڭ ئىسسىقلىقتىن بولغان ھارارەتنى باسىدۇ. زۇكام، گىرەن تومۇر ئىششىپ قېلىش، گال ئاغرىش، نەپەس يولى كېسەللىرىگە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

شاتۇتنىڭ سۇ تەركىبى مول، شاتۇتنى بىر-بىرلەپ ئۈزۈۋېلىپ، پاكىزلاپ، ئالىقان بىلەن سىقىپ، سۈيىنى نېپىز ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ساپ سۇ قىسمى ئاجرىتىۋېلىنىدۇ. شاتۇت شەربىتىنى ئۇزاق مۇددەت ساقلىسىمۇ بۇزۇلۇپ قالمايدۇ، شاتۇت شەربىتىگە قوشۇمچە خۇرۇچ ئارىلاشتۇرۇلمايدۇ. ئۇسسۇزلۇق ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ، شاتۇت شەربىتى ئىچىش ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ بىرى.

### چىغان شەربىتى

چىغان تاغلىق، ئىدىرلىق جايلاردا ياۋا ھالەتتە ئۆسىدىغان چاتقال ئۆسۈملۈك، مېۋىسى كىچىك، تەمى چۈچۈمەل، رەڭگى قىزىل، دورىلىق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى، تەبىئىتى سوغۇق، ئۇيغۇرلار ئۇنى چىلاپ قويۇپ سۈيىنى ئىچىشكە ئادەتلەنگەن.

### ئالقات شەربىتى

ئالقاتمۇ چىغان بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان چاتقال ئۆسۈملۈك. سۇنئىي ئۇسۇلدا تېرىپ ئۆستۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. مېۋىسىنىڭ رەڭگى قىزىل، تەمى تاتلىق، دورىلىق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش ئالاھىدىلىكى بولغاچقا، ئۇيغۇرلار ئۇنى سۇغا چىلاپ شەربىتىنى ئىچىشكە ئادەتلەنگەن، ئالقات شەربىتى ھازىرمۇ ئائىلىلەردە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### زىغ سۈيى

زىغ تاغ جىلغىسىدا ئۆسىدىغان ياۋا چاتقال ئۆسۈملۈك. مېۋىسىنىڭ دانىسى كىچىك، تەبىئىتى سوغۇق، خۇسۇسىيىتى كۆپ ئۇسسايدىغان، ئىچى سۈرۈپ كەتكەن كېسەللەرگە زىغ سۈيى بېرىلىدۇ. زىغ سۈيىگە قېتىق سۈزمىسى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلسە، ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇسسۇزلۇق ئورنىغا ئىچسىمۇ بولىدۇ. زىغ سۈيىگە قېتىقتىن باشقا قوشۇمچە خۇرۇچ ئارىلاشتۇرۇلمايدۇ.

(ئاپتور: چىرا ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)

# پادىشاھ

(چۆچەك)

بىر پادىشا بار ئەكەن، ئۆزى تولا ياخشى كىشى ئىكەن، سەخى كىشى ئىكەن. بۇ پادىشانىڭ ئوبداللا- غىنى ئىشتىپ شەھەر - شەھەردىن كىشى كەلىپ پۇل- لارنى ئالات ئىكەن. شۇ پادىشانىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. بىر يىراق شەھەردىن بىر قەلەندەر كەلىپ پا- دىشانىڭ ئىشىكىگە كەلىپ تۇردى. ياساۋۇللار كىرىپ پادىشاغا ئاڭلاتتى: يىراق شەھەردىن بىر قەلەندەر كەلىپ شەئىدۇللا دەپ تۇرۇدۇ. دەگەندىن كېيىن پا- دىشا توقۇز تاۋاختا ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەر- ۋايىت، پاكىزە ماللىرىنى ئول قەلەندەرگە چىقاردى. قەلەندەر نەزەرىنى سالمىدى. ياساۋۇل كىرىپ پادى- شاغا ئاڭلاتتى: ئول قەلەندەر پادىشا چىقارغان پۇلغا نەزەرىنى سالمايدۇ، دەگەندىن كېيىن پادىشا ئانداق





بولسا، قەلەندەرنى ئېلىپ كەلىڭلەر، مەن ئېنىڭدىن سۆز سۇراي، دەدى. ياساۋۇل چىقىپ قەلەندەرنى پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. پادىشا سۇرىدى: سەن قايدىن كە- لۇرسەن؟ دەگەندىن كېيىن ئول قەلەندەر ئايتتى: مەن پالانى شەھەردىن كەلدىم، پادىشانىڭ سەخىيلىغىنى ئىشىتىپ كەلدىم پادىغا ئايتتى: ئانداق بولسا مەن ساڭا شۇنچە پۇللارنى بەرسەم نەمە ئالمىدىڭىز؟ دەگەندىن كېيىن قەلەندەر ئايتتى: ماڭا پۇلنىڭ كەرەگى يوق. مەن سىزنىڭ قىرىق كۈللۈك پادىشالىغىڭىزنى تىلەيمەن، دەدى. پادىشا: ئانداق بولسا خوپ بولدۇ، دەدى. سەن قەلەندەرلىكتە كەيدىغان كۇلا - جەندەڭنى ماڭا بەرگىن، دەدى. قەلەندەر كۇلا - جەندەسىنى پادىشاغا بەردى، قە- لەندەر پادىشانىڭ ئورنىدا پادىشا بولۇپ ئولتۇردى.

ئول پادىشا قەلەندەرنىڭ ئەڭنىنى كىيىپ بىر ئۆيگۆ كىرىپ خۇداي تائالاغا تائات - ئىبادەت قىلىپ ياتتى. قىرىق كۈن توشقاندىن كېيىن پادىشا كەلىپ: قىرىق كۈن توشتى، پادىشالىغىمنى ئەمدى ئۆزەمگە بەرگىن، سەن قە- لەندەرلىك كۇلا - جەندەڭنى كىيىپ قەلەندەرلىگىڭنى قىل، دەدى. ئول قەلەندەر ئايتتى: خوپ بولۇدۇ يۇرتىنىڭ بەگلەرىنى ئېلىپ كەلەلىن، شۇلارنىڭ قېشىدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پادىشالىغىڭنى بەرەي، دەدى. بەگلەرگە كىشى ئەۋەتتى، بەگلەر كەلدى، كەلگەندىن كېيىن ئۇل قەلەندەر ئايتتى: مەن پادىشانىڭ پادىشالىغىنى قىرىق كۈن تىلەپ ئېلىپ ئىدىم، قىرىق كۈن توشتى، پادىشالىغىمنى بەرگىن دەپ كەلىپتۇ، سىلەر نەمە دەيسىلەر؟ دەپ سۇرىدى. بەگلەر ئايتتى: بىز ئەمدى سەنى پادىشا قىلىمىز، بۇ پادىشانىڭ بىزگە كەرەگى يوق، دەپ پادىشانىڭ پادىشالىغىنى قەلەندەرگە بېرىپ يېنىپ چىقتى. پادىشا خوتۇن-باللىرىنىڭ قېشىغا كەلدى. قەلەندەرگە قىرىق كۈن پادىشالىغىنى بەرگەننى، قەلەندەر پادىشالىغىنى بەرمەگەننى خوتۇن-باللىرىغا ئايتتى. خوتۇن-باللىرى بىلەن كەڭەش قىلدى. بىز بۇ شەھەردە تۇرمايلىن، بۆلەك بىر شەھەرگە كەتەلىن، دەدى. بۇلار جابدۇپ، خوتۇننى، ئىكى ئوغلىنى ئېلىپ، بۆلەك شەھەرنىڭ تۆرەپىگە يۈردى.

ئۈچ كۈن يول يۈردى، بىر يەرگە يېتىپ قوندى. ئاقشېمى ئوت يېقىپ ئولتۇرۇپ ئىدى. ئۇ يەرگە ساۋدىگەر تۈشۈپ ئىكەن. ئۇل ئوتنى كۆرۈپ ساۋدىگەرنىڭ كارىۋان بېشىسى: بۇ يەردە ئوت كۆيدى، مەن بېرىپ باقاي، بۇلار ئوغرىمۇ، يا قاراقچىمى، ئەگەر ئوغرى-قاراقچى بولسا، بۇ يەردىن قېچىپ كەتەلىن، دەدى. ئاتقا مىنىپ ئوت كۆيگۈن يەرگە باردى، بارسا بىر قەلەندەر ئولتۇرىدۇ. يېنىدا بىر خوتۇن، ئىكى بالا، بۇ خوتۇننىڭ چىرايلىقلىغى سۈپەتكە راست كەلمەيدۇ. ئۇل كارىۋان بېشىنىڭ ئۇل خوتۇنغا كۆزى تۈشتى، كۆڭلى قىزىدى، ئەمدى شۇڭا بىر ھىيلە قىلاي، دەپ تۇردى. يانچىغىغا باقتى، يەتتى دىنار ئالتۇن بار ئىكەن. ئېنى ئېلىپ ئۇل قەلەندەرنىڭ قېشىغا باردى. خۇدانىڭ يولىغا ئاتايتىغان يەتتى دىنار ئالتۇن بار ئىدى، مۇنا سىز دۇئا قىلىڭ دەپ ئالدىغا قويدى. قەلەندەر دۇئا قىلدى. دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئۇل ساۋدىگەر ئايتتى: مەن كارىۋان بېشى ئىدىم، خوتۇنۇمنى ئېلىپ كەلىپ ئىدىم، قورسىغىدا بالىسى بار ئىدى، ھەلى تۇغقىلى ياتىدۇ، قېشىدا ئولتۇرغىلى ھەش خوتۇن يوق. خوتۇنىڭىزنى ئەۋەتسىڭىز مەنىڭ خوتۇنۇم تۇغقۇچا قېشىدا ئولتۇرسا، دەگەندىن كېيىن ئۇل قەلەندەر بارسۇن، دەپ كىچىك ئوغلىنى قوشۇپ ئەۋەتتى.

بىر مۇنچا يول يۈرگەندىن كېيىن كارىۋان بېشى ئايتتى: بىزنىڭ قوشىمىز ئارىسى يىراق، ئاتقا مىنىپ ئېلىڭ، دەدى. ئۇل خوتۇن: خوپ بولغاي، دەدى. كارىۋان بېشى



ئايتتى: سىز ئارقامغا مىنىڭ، دەپ ئۇل پادىشانىڭ خوتۇنىنى ئارقىسىغا مىندۇردى. بالىسىنى ئۇل يەردە تاشلاپ كەتتى. كارىۋان بېشى قوشىغا بېرىپ قۇللىرىغا: چاپسان يۈكنى يۈكلەڭلەر، بۇ يەردە ئوغرى-قاراقچى بار ئىكەن، دەدى. دەگەندىن كېيىن كارىۋان ئۇ يەردىن كۆچۈپ كەتتى. پادىشانىڭ ئۇل ئانىسىغا قوشۇپ ئەۋەتكەن كىچىك ئوغلى، ئۇل كەچە تەنەپ يۈرۈپ يىغلاپ، تاڭ ئاتقۇنچا كۆپ جاپالارنى تارتىپ، تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئاتىسىنى تېپىپ كەلدى. كارىۋان بېشى ئانىسىنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەننى، ئۆزىنى تاشلاپ كەتكەننى ئاتىسىغا بىر-بىر ئايتتى. ئايتقاندىن كېيىن بۇلار كۆپ يىغلىشىپ، كەلگەن قازاغا شۈكرى قىلىپ ئۇ يەردىن كۆچۈپ يۈردى. ئۇل كۈنى يول يۈردى، كۈن كەچ بولدى، يانا بىر مەنزىلدە قوندى. ئۇل كەچە پادىشانىڭ مىنگەن ئاتلىرىنى يولباس ئۆلتۈردى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن باقسا ئاتلىرىنى يولباس ئولتۇرۇپتۇ. پادىشا ئىنى كۆرۈپ كۆپ غەملىك بولدى. ئاندىن كېيىن ئوزۇق-تالقىنىنى، ئەگەر-توقۇم، ئويان-بۇيانلىرىنى ئەرەك تاشلىدى. ئىكى بالىسىنى ئېلىپ يولغا كىرىپ يۈردى. بىر نەچەن كۈن شۇنداق يول يۈردى، پادىشا كۆپ جاپالارنى تارتتى، ئاياقلىرىنى قانارىدى، خۇداي تائالاغا كۆپ ناللار قىلىپ يىغلىدى. خۇدادىن كەلگەن قازاغا سەبىرە قىلىپ، يانا يولغا كىرىپ يۈردى. بىر مۇنچا يول يۈرۈپ ئىدى، بىر ئۇلۇق سۇنىڭ بويىغا كەلىپ قوندى. ئۆتىدىغانغا ھەچ ئىلاجى يوق قاراپ تۇردى. بىر ئاتلىق كىشى چىقىپ كەلدى. ئاي قەلەندەر قايدا بارسەن؟ دەپ سورىدى. سۇدىن ئۆتۈپ شەھەرگە باراتتىم، دەدى. ئۇل ئاتلىق كىشى ئايتتى: ئانداق بولسا مەن سەنى سۇدىن ئۆتكۈزۈپ قوياي، دەدى. پادىشا: خوپ، بولىدۇ دەدى. دەگەندىن كېيىن ئۇل ئاتلىق كىشى ئايتتى: ئاۋال بالىلىرىڭنى ئۆتكۈزەي، ئاندىن كېيىن سەنى ئۆتكۈزەي، دەدى. دەپ پادىشانىڭ چوڭ ئوغلىنى ئارقىسىغا مىندۇرۇپ، سۇدىن ئېلىپ ئۆتۈپ كەتتى. سۇدىن ئۆتكەندىن كېيىن پادىشانىڭ چوڭ ئوغلىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى.

پادىشا كىچىك ئوغلى بىلەن سۇنىڭ بەرى قېشىدا قالدى. پادىشا ئاندىن كېيىن كىچىك ئوغلىنى بويىنغا كۆتۈرۈپ سۇغا كىردى. ئوتتۇرىغا يەتكەندىن كېيىن، پادىشا تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلدى، بالىسى ئېقىپ كەتتى، ئۆزىنى ئاران سۇنىڭ تېشىغا ئالدى. باقسا بالىسى ئېقىپ كەتىپتۇ. بالىلىرىنىڭ دەردىدە كۆپ يىغلىدى. بۇ ئاققان بالىسىنى بىر كىشى تۇتۇپ ئالدى. سۆزلەمەيدۇ، ئۆيىگە ئېلىپ باردى، بېرىپ بىر نەچەن كۈن باقتى، بېقىپ ساقايدى.

ئۇل پادىشا ئۇل كۈنى ئۇ يەردىن بىر يولغا كىرىپ ماڭدى. بىر نەچەن كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن بىر ئەگىز تاغنىڭ يېنىغا كەلدى، قارىسا تاغ بەك ئەگىز، پادىشا كۆڭلىدە ئايتتى: بۇ تاغنىڭ تۆپەسىگە چىقسام، بىر شەھەرنى كۆرۈرمۇن دەپ پادىشا تاغنىڭ تۆپەسىگە چىقتى. چىقىپ قارىسا تاغنىڭ تۈبىدە كۆپ كىشى يۈرۈپتۇ. پادىشا ئۇلارنى كۆرۈپ، تاغدىن تۈشۈپ ئۇلارنىڭ قېشىغا باردى. بارسا ئۇلار ھەممىسى قۇقۇ، قۇقۇ دەپ يۈرۈدۇ. پادىشا سورىدى: نەمگە مۇنداق قۇقۇ، قۇقۇ دەيسىلەر؟ دەپ ئىدى. بۇ كىشىلەر ئايتتىلار: بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى پادىشايىمىز ئۆلدى. پادىشانىڭ بىر دۆلەت قۇشى بار ئىدى، ئىنى قويۇپ ئەتتى. ئۇل قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا شۇنى پادىشا قىلىمىز؛ بۇ شەھەرنىڭ رەسمىسى شۇ، دەدى. دەگەندىن كېيىن قەلەندەر قۇقۇ، قۇقۇ دەپ قىچقىردى. قۇش كەلىپ ئۇل قەلەندەرنىڭ بېشىغا قوندى. شەھەر خەلقى ئايتتى: سەن قەلەندەر، سەنى پادىشا قىلمايمىز دەپ قۇشنى ئۇچۇرۇپ ئەتتى. قۇش يېنىپ كەلىپ يانا ئۇل قەلەندەرنىڭ بېشىغا قوندى. يانا خالىق ئايتتى: سەنى پادىشا قىلمايمىز، دەپ يانا قۇشنى ئۇچۇردى. يانا كەلىپ قەلەندەرنىڭ بېشىغا قوندى. ئۈچ يول قونغاندىن كېيىن شەھەر خالقى ئايتتى: خۇداي تائالا شۇ قەلەندەرنى بىزگە پادىشا قىلغان ئىكەن. قەلەندەرنى ئېلىپ بېرىپ پادىشالىق تاختىدا ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن كېيىن قەلەندەر بولغان پادىشا يانا پادىشا بولدى. خۇداي تائالاغا كۆپ شۈكرى قىلدى.

ئاندىن كېيىن بەگلەرگە ئايتتى: ھەر شەھەردىن كارىۋان كەلسە ماڭا ئاڭلاتىڭلار، مەن ئېلىپ كەلىپ كارىۋاندىن سۆز سورايمەن، دەدى. بەگلەدى شۇنداق قىلدى، ھەرقاي ياقتىن كارىۋان كەلسە، پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. بىر كۈن بىر شەھەردىن كارىۋان كەلدى. ئىنىڭ بېشىنى پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئىنىڭدىن پادىشا كۆپ سۆزلەرنى سورىدى. بىر كۈنى ۋەزىرى بازارغا چىقىپ ئىدى، بىر چىرايلىق ياقشى ئوغۇلنى ساتقىلى بازارغا ئېلىپ كەپتۇ. ئۇل ئوغۇلنى ۋەزىر سېتىپ ئېلىپ پادىشاغا ئېلىپ

كەلدى، ئېلىپ كەلىپ پادىشاغا تۇتتى. پادىشا ئۇ ئوغۇلنى كۆرۈپ بەك ياقشى ئوغۇل ئىكەن. مەنىڭ قېشىمدا خىزمەت قىلسىن، دەدى. بىر نەچەن كۈندىن كېيىن يانا بىر ئوغۇلنى بازارغا ساتقىلى ئېلىپ كەلدى. ئېنى ۋەزىر سېتىپ ئېلىپ كەلىپ پادىشاغا تۇتتى. پادىشا ئايتتى: بۇما ياقشى ئوغۇل ئىكەن، ئىكىسى بىللە يۈرۈپ، مەنىڭ قېشىمدا خىزمەت قىلسىن، دەدى.

ئۇل كۈنى كۈن كەش بولدى، پادىشاغا كەلگەن ساۋدىگەر پادىشادىن رۇخسات تىلەدى. پادىشا ئايتتى: بۈگۈن كەچە مەنىڭ قېشىمدا قونغىن، سۆزلەشىپ ياتېلىن، دەدى. دەگەندىن كېيىن ساۋدىگەر ئايتتى: مەنىڭدە كىشىنىڭ ئامانىتى بار، مەن ئېنىڭدىن ئەندىشە قىلىپ بۆلەك يەردە قونالمايمەن، دەگەندىن كېيىن پادىشا ئايتتى: ئانداق بولسا مەندە سېتىپ ئالغان ئىكى بالا بار. ئۇلار بېرىپ ياقشى ساقلىسۇن، دەگەندىن كېيىن ئۇل ساۋدىگەر بۇ ئىكى بالېنى ئېلىپ بېرىپ: بۇ چەدىرنىڭ تېشىدا يۈرۈپ ئوبدان كۈزەتىڭلەر، چەدىرنىڭ ئىچىگە كىشى كىرمەسىن، دەپ ئۆزى پادىشانىڭ قېشىغا كەتتى. ئۇل ئىكى بالا ئۇل كەچە چەدىرنى كۈزەتتى. بىر ۋاختىن كېيىن بۇلار ئايتىشتى: سەن نەمە ئىشكە سېتىلدىڭ، مەن نەمە ئىشكە سېتىلدىم، بىر-بىرىسىمىزگە ھالىمىزنى ئايتېلىن، دەيىشتى. دەگەندىن كېيىن كىچىك ئوغۇل ئايتتى: مەنىڭدىن ھال سۈرىساڭ، مەن بىر پادىشانىڭ ئوغلى ئىدىم، ئاتامنىڭ بىر پادىشالىغىنى بىر قەلەندەر كەلىپ قىرىق كۈنلۈك تىلەپ ئالدى. قىرىق كۈن توشقاندىن كېيىن، پادىشالىغىنى بەرمەدى، ئاتام ئانامنى، ئاغامنى، مەنى ئېلىپ ئۇل شەھەردىن چىقىپ كەتتى. چىققاندىن كېيىن ئۈچ كۈن يول يۈردۈك. بىر يەردە قوندۇق، ئۇل يەردە ئانامنى بىر ساۋدىگەر يالغان سۆز ئايتىپ كەلىپ ئېلىپ قېچىپ كەتتى. ئەرتەسىگە ئۇ يەردىن كۆچۈپ يۈردۈك، يانا بىر مەنزىلگە قوندۇق، ئۇل نەچەن مىنگەن ئاتلېرىمىزنى يولباس ئۆلتۈرۈپتۇ. ئەرتەسى قوپۇپ ياياق يول يۈردۈك، بىر نەچەن كۈندۈن كېيىن بىر ئۇلۇق سۇنۇڭ بويىغا كەلىپ قالدۇق. سۇدىن ئۆتەلمەي تۇرۇپ ئىدۇك، بىر ئاتلىق كىشى كەلىپ: سىلەرنى مەن ئۆتكۈزۈپ قويااي، دەپ ئاغامنى مىندۇرۇپ ئېلىپ ئۆتۈپ قېچىپ كەتتى. مەن ئاتام بىلەن سۇنىڭ بويىدا قالدىم.

ئاتام مەنى كۆتەرىپ سۇغا كىردى، ئوتتۇرۇغا يەتكەندىن كېيىن سۇغا يىقىلدى، مەن سۇغا ئېقىپ كەتتىم، مەنى بىر كىشى سۇدىن تۇتۇپ ئېلىپتۇ، ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، بىر نەچەن كۈن بېقىپتۇ، مەن ساقايغاندىن كېيىن، مەنى نەچەن يىل خىزمەتىگە سالدى، نامرات بولدى، ئەپكەلىپ مەنى ساتتى، دەگەندىن كېيىن، ئاتاڭدىن خەبەر بارمۇ دەپ سۈرىدى. ئاتام ئېقىپ كەتتىمۇ، نىمە بولغىنىنى بىلمەيمەن، دەگەندىن كېيىن چوڭ ئوغۇل ئايتتى: سۇنىڭ بويىدا ئېلىپ قېچىپ كەتكەن ئاغاڭ مەن، دەدى. مەنى ئېلىپ بېرىپ قوي باقتۇردى، كۆپ جاپالارنى سالدى، ئۆزى نامرات بولدى، ئاندىن كېيىن ئېلىپ كەلىپ مەنى ساتتى، دەپ بۇلار بىر-بىرى بىلەن تونۇشۇپ قۇچاقلىشىپ يىغلاشتى.

بۇ سۆزلەرنى چەدىر ئىچىدە ئانىسى ئاڭلاپ، ۋاي بالام دەپ قىچقىردى. بۇلار ئانىسىنى كۆرۈپ يىپىشتى. بۇلار بىر-بىرىسىگە ھالىنى ئايتىشتى، ئانىسى ئىكى بالىسىنى ئىكى تىزىنىڭ تۆپەسىدە ئولتۇرغۇزۇپ، بىر ئېنى سۆيىپ، بىر مۇنى سۆيىپ، ئۇل كەچە تاڭ ئاتتى، كۈن چىقتى، بۇلارنىڭ تاڭ ئاتقاندىن خەبەرى يوق. كۈن چىققاندىن كېيىن ساۋدىگەر پادىشادىن رۇخسەت تىلەدى. مەن بېرىپ ئامانىتىمنى يوقلاپ كەلەي، دەدى. پادىشا رۇخسەت بەردى. ساۋدىگەر قوشىغا كەلىپ چەدىرگە قايلىسا، ئۇل خوتۇن ساخلاپ يۈرگەن ئىكى بالېنى ئىكى تىزىنىڭ تۆپەسىگە ئولتۇرغۇزۇپ، بىر ئېنى سۆيىپ، بىر مۇنى سۆيىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ساۋدىگەر مۇنى كۆرۈپ كۆپ ئاچىغى كەلىپ يېنىپ پادىشانىڭ قېشىغا كەلدى. ئەۋەتكەن قۇللىرىڭىز ئامانەتكە خىيانەت قىلىپتۇ، دەدى. دەگەندىن كېيىن پادىشانىڭ ئاچىغى كەلىپ جاللات قىچقىردى. سەن بېرىپ ئۇل ئىكى قۇلنى سۆز سۈرىماي چاپقىن، دەدى. جاللات بېرىپ ئۇل ئىكى ئوغۇلنى ئېلىپ چىقىپ چېپىپ ئۆلتۈردى.

چېپىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن خوتۇن كەلىپ پادىشاغا دات قىلدى. مەن پالانى پادىشانىڭ خوتۇنى ئىدىم. بۇ ساۋدىگەر مەنى ئوغۇرلاپ ئېلىپ قېچىپ كەتكەن. مەن ئۇل ۋاختىن بۇ ۋاخقىچا مەنى بۇ ساۋدىگەر پادىشاغا تاپشۇرۇپ بەرىمەن، دەپ ساخلاپ يۈرىتتى. بۇ كەچە ئىكى بالام بىلەن كۆرۈشۈپ، تونۇشۇپ يىغلاپ زارلىقلار

قىلىپ ئولتۇرۇپ ئىدۇق. جاللاپ بىرىپ ئىككى بالامنى ئېلىپ چىقىپ سۆز سۇرىماي چاپتى، قىلغان گۇناھيى نەمە؟ ئېنىڭ ئۈچۈن پادىشاغا داتقا كەلدىم، دەدى. پادىشا بۇ خوتۇندىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، ئۆزىنىڭ خوتۇنى ئىكەننى بىلدى، بالىلىرىنى بىلمەي چاپتۇرۇپ ئەتكەنىگە نادامەتلەر قىلدى. ئۆزىنى تەختىدىن يەرگە تاشلىپدى، بىر ھۇش بولدى، ۋەزىرلەر پادىشاغا گۇلاپ سەپتى، پادىشا ھۇشىغا كەلدى. كەلگەندىن كېيىن خوتۇن بىلەن تونۇشۇپ بىر - بىرىگە ھالىنى ئايتىشىپ، ئىككى بالىسىنىڭ دەردىگە كۆپ يىغلاشتى. يىغلىشىپ بولغاندىن كېيىن بىر ۋەزىرىنى قىچقىرىپ ئايتتى: بۇ شەھەرنىڭ ئۆلۈمالىرىنى، دانىشمەنلەرنى، ھۆكۈمالىرىنى، مىنەججىملەرنى يىققىن، دەدى. ۋەزىر شۇنداق قىلىپ بۇلارنى يىغدى، يىغقاندىن كېيىن پادىشا بۇلارغا ئايتتى: مەن بالامنى بىلمەي ئۆلتۈردۇم، سىلەر خۇدادىن تىلەپ تىرىلدۇرىپ بەرگىلەر، دەدى. ئۇلار ئايتتى: ئىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ، دەگەندىن كېيىن پادىشانىڭ ئاچىغى كەلىپ جاللات دەپ قىچقىردى. بۇلارنى قىلىچتىن ئۆتكۈزگىلار، دەدى. ئاندىن كېيىن مىنەججىملەر ئايتتى: سەبىرە قىلسىلار، دەدى، بىزگە ئۈچ كۈن مۆھلەت بەرىڭ، بىز بىر سەبەپ قىلىپ باقىلىن، دەدى. پادىشا ئانداق بولسا شۇنداق قىلىڭلار دەپ ئۈچ كۈنلۈك قارال بەردى، ئۇلار پادىشادىن ئالدىدىن چىقتى.

ئۆلۈمالار كىتاب كۆردى، مىنەججىملەر قۇرئە سالدى. بۇلار كۆرسە بىر تاغدا تائەت قىلىپ ياتقان بىر بۇزرۇك بار ئىكەن، شۇنىڭ ئالدىغا بىرىپ، شۇڭا ئايتسا خۇداي تائالادىن تىلەپ، شۇ تىرىلدۇرۇپ بەرىدۇ دەپ، كەلىپ بۇلار پادىشاغا ئايتتى.

پادىشا بىرقارا ئارغامچى بىلەن بىر ئۇچىدا ئۆزىنىڭ بويىندىن باغلىدى، بىر ئۇچى بىلەن خوتۇننىڭ بويىندىن باغلىدى. ئىككى ئوغلىنىڭ ئۆلگىنى كۆتۈرۈپ ئول بۇزرۇكنىڭ ئالدىغا باردى. بىرىپ بۇزرۇككە يەتكەندىن كېيىن پادىشا ئايتتى: مەن بۇ ئىككى ئوغلۇمنى بىلمەي ئۆلتۈرگۈزىپ ئەتتىم. سىز خۇداي تائالاغا يېقىن بەندەسى، سىز خۇدادىن تىلەپ شۇ ئىككى ئوغلۇمنى تىرىلدۇرۇپ بەرىڭ، دەدى. بۇزرۇك پادىشانىڭ بۇ سۆزلەرىنى ئىشىتىپ، خۇداي تائالادىن تىلەپ، ئول ئىككى ئوغلىنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلدى، خۇداي تائالا ئول پادىشانىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ يېڭى باشتىن جېنىنى بەردى.

پادىشا خۇداي تائالاغا شۈكرى قىلدى، ئاندىن كېيىن پادىشا ئاتا، بالا، خوتۇنى خۇدانىڭ يولىغا كۆپ نەزىرلەر قىلدى، ئاندىن كېيىن ھەممەسى بىر يەردە بولۇپ ئول شەھەرگە پادىشالىق قىلدى. ئۇلار ھەلى بىر نەچەن يىلدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتتى.



(بۇ چۆچەك رادلوفنىڭ 1886 - يىلى سانت-پېتىربۇرگتا نەشر قىلىنغان «تارانچى دىيالېكتى» ناملىق كىتابتىن تەييارلاندى)

**تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد**

www.uyghurkitap.com



# «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»تىكى ئۆلۈم، تاشقى قىياپەت ۋە ئىگ (كېسەللىك) ئاتالغۇلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار

ئىسرائىل مۇتىللا

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ دىۋان دېيىلىدۇ)دا دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك ئىگ (كېسەللىك) ئەملەرگە مۇناسىۋەتلىك بايانلار مول بولۇپ، بۇ توغرىسىدا دىيارىمىزدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ نۇرغۇن ماقالىلەر يېزىلىپ، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تېبابەتچىلىك ھەققىدە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بېرىپ كەلدى. «دىۋان»نىڭ ئۇيغۇر ئىگ ئەمچىلىك تارىخىدىكى تۇتقان ئورنىنىڭ قىممىتى، مەھمۇت كاشغەرىينىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسىنىڭ مۇھىملىقىنى يەنە بىر قېتىم كەڭ جامائەتچىلىككە نامايان قىلىش مەقسىتىدە مەزكۇر ماقالىدىمۇ بۇرۇنقى ماقالىلەردىن ئۆرنەك ئېلىپ، مەخسۇس «دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن ئىگ ۋە ئەملەرگە ئائىت ئۇچۇرلارنى تۈرگە ئايرىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تۆۋەندە بۇلار ھەققىدە بىر قەدەر تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز.

«دىۋان»دا تۈرلۈك ئىگلەر توغرىسىدا تەپسىلىي ئۇچۇرلار بولۇپلا قالماستىن يەنە شۇ ئىگلەرگە مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك بايانلارمۇ بار بولۇپ، تۈركىي تىلىنىڭ سۆز ياساش ۋە سۆز قوللىنىش جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى نامايان قىلىنغان. بۇ تۈردىكى بايانلار ئارىسىدىكى ئىگلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنىڭ قىممىتى تېبابەت ۋە تىلشۇناسلىق ئىككى تەرەپتە بولۇپ، تېبابەت جەھەتتىكى قىممىتى شۇكى، بۇ ئۇچۇرلار ۋاستىلىك ھالدا شۇ دەۋردىكى بىر بۆلۈك ئىگلەر توغرىسىدا مەلۇمات بېرىپ كەلگەن. بولۇپمۇ ئىگلەرنى قانداق داۋالاش، قانداق ئوت (دورا)

ئىشلىتىش جەھەتتە ئەڭ تەپسىلىي ئىشەنچلىك بايانلار
بىلەن تەمىن ئەتكەن. بۇ خىل بايانلار بىرىنچى بۆلۈمدە
تىلغا ئېلىنغان بارلىق ئىگ (ئاغرىغ)لەرگە مۇناسىۋەتلىك
بولۇپ، يۇقىرىقى ئىگلەرگە تولۇقلىما سۈپىتىدە دىۋاندىكى
ئىگلەرگە مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا بىر پۈتۈنلۈك ئاتا
قىلغان. دىۋاندا بەدەندىكى تۈرلۈك زەخىملەر توغرىسىدا
تەپسىلىي نام (ئات)لار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ھەر خىل
ئىگ (ئاغرىغ)لەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن شۇ خىل
ئىگلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، كېلىپ چىقىشىغا قاراپ ھەر
خىل ناملار قوللىنىلغان. مەسىلەن، تاياق زەخىمسىنىڭلا
نامى بىر قانچە، بەدەن ئاغرىقىنىڭ ئاتىلىشىلا ئون نەچچە
خىل بولۇپ ھەرگىزمۇ ئالماشتۇرۇپ قوللىنىشقا ياكى ئو-
مۇملاشتۇرۇپ ئاتاشقا ھاجەت بولمىغان. بۇ ھالەت شۇ
دەۋردە ئىگلەرنى پەرقلەندۈرۈش جەھەتتە مۇھىم رول
ئويناپ قالماستىن، بەلكى سۆز قوللىنىش جەھەتتىكى ئەۋ-
زەللىك ئەكس ئېتىپ، سۆزگە باي تۈركىي تىلىنىڭ ئىنچى-
كە، نازۇك، پاساھەتلىكى نامايان قىلىنغان.

**1- روھ (جان) ۋە ئۆلۈم توغرىسىدىكى بايانلار**

«دىۋان»دا ھاياتلىقنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن
«تىن» ئىبارىسى بار بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئەسلىي
مەنىسىنى يوقاتماي قوللىنىپ كەلمەكتە. « Tïn.
تېن، تىنىق، نەپەس، روھ.» (1- توم، 441- بەت).
«Özkunukï. ئۆز قونۇقى. بەدەندە (گەۋدىدە) ھەرد-
كەت قىلدىغان نەرسە، روھ. جان. شېئىردا مۇنداق
كەلگەن؛ باردى كۆزۈم يارۇقى، ئالدى ئۆزۈم قونۇقى،
قاندا ئەرىنچ قانىقى، ئەمدى ئۇدىن ئوزغۇرۇر. كۆزنۇرۇم
(سۆيگەن يارىم) كەتتى، ئۇ مېنىڭ روھىمنىمۇ ئۆزى بىلەن
بىللە ئېلىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ قەيەردىكىن؟ «ئۇنىڭ پىرا-
قىدىن) كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ.» (1- توم، 65- بەت).
بۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئەش» ئىبارىسىمۇ جان مەنىسىدە
كەلگەن. «ئەش. ھەمرا، يولداش، دوست- بۇرادەر. جېنى
بار كىشىمۇ «ئەشلىگ» دېيىلىدۇ. شېئىردا مۇنداق
كەلگەن: ئانىڭ ئېشىن كەچۇردۇم، ئەشىن يەنە قاچۇر-
دۇم، ئۆلۈم ئوتىن ئىچۇردۇم، ئىچتى بولۇپ يۈزى
تۇرۇن. ئۇنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئىشنى تۈگەتتىم، ھەمرا-
ھىنى قاچۇردۇم. ئۇنىڭغا ئۆلۈم شەربىتىنى ئىچۇردۇم. ئۇ
تەرىنى تۇرۇپ ئىچتى» (1- توم 65-، 66- بەتلەر). يۇقى-
رىقىلاردىن باشقا يەنە «دىۋان»دا روھ مەنىسىنى بىلدۈرد-
دىغان مۇنداق بايانلارمۇ ئۇچرايدۇ. «تىرىگ ئەسەن
بولسا، تاڭ ئۇكۇش كۆرۈر- جان ئېسەن بولسا تاڭ
قالارلىق ئىشلارنى كۆپ كۆرەر.» (1- توم، 84- بەت)

بۇ ئاتالغۇلار جان مەنىسىدە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ
ھايات ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇلاردىن ئىبارەت.
كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولماي روھ (تەندىن)
چىقىش ۋاقتىدا ۋە چىقىپ بولغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللارنى
بىلدۈرىدىغان يەنە بىر قىسىم سۆزلەردىن ساقىيىش مۇم-
كىنچىلىك بولمىغان ئاغرىق كىشىلەرنىڭ كېسەللىك ئەھۋا-
لى ئايان بولىدۇ. «دىۋان»دا بەدەنىنىڭ، كېسەللىكنىڭ ئې-
غىرلىشىپ جىسمانىي جەھەتتە ئاجىزلىشىشنى «Sïzdi.
سىزدى. سۆكەل سىزدى- ئاغرىق سىزدى. (ئورۇقلاپ ئا-
جىزلىدى)» (2- توم، 11- بەت) دەپ بايان قىلسا، جاننىڭ
قىينىلىشى، بولۇپمۇ سەكرات ئالدىدىكى ھالەتنى ئەكس
ئەتتۈرىدىغان بايان «ئۈز، ئۈزۈلمەك» ئىبارىسىدىن يا-
سالغان ئاتالغۇ بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. « üzəldi. ئۈزەلدى.
ئۈزۈلدى، ھالىدىن كەتتى. ئەر ئۈزۈلدى- ئادەم ئۈزۈ-
لۈپ قالدى. ئىگلىگ ئۈزەلدى— ئاغرىغ جان تالىشىپ
قالدى. يەنى ئۆلۈمنىڭ دەھشىتىدىن قىينىلىپ جان
تالاشتى.» (1- توم، 264- بەت) دېگەن ئاتالغۇلار بىلەن
چۈشەندۈرىدۇ. «دىۋان»دا تۈرلۈك كېسەللىكلەر توغرد-
سىدا توختىلىپ ئۆتكەندىن سىرت يەنە ياخشى بولالمىغان
ئاغرىقلارنىڭ ئاخىرقى ئەھۋالى «ئۆلۈم» توغرىسىدىمۇ
بىر بۆلۈك بايانلارنى بېرىپ ئۆتكەن. بۇ بايانلارنىڭ قىم-
مىتى تېبابەت نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى تىلشۇناسلىق
نۇقتىسىدىن تۇرۇپ مۇلاھىزە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما
بۇ بايانلارنىڭ جەريانى يەنىلا بىر قاتار ئىگ (كېسەللىك)
بىلەن تولىمۇ زىچ مۇناسىۋەتتى بولغاچ مەزكۇر ماقالىدە
قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق. «دىۋان»دىكى ئۆلۈمگە دائىر
بايانلار ئىچىدە « Ölüm. ئۆلۈم.» (1- توم، 103- بەت)،
ئىبارىسى بىۋاستە ئادەمنىڭ تىنىقىنىڭ توختاپ ئۆلگەنلىك-
نى، « Ölüg. ئۆلۈگ.» (1- توم، 98- بەت)، ئىبارىسى
شۇ ئۆلۈمنىڭ ئىگىسى يەنى— جان تەسلىم قىلغۇچى كىشى-
نى كۆرسىتىپ كەلسە، يەنە بىر قىسىم ئۆلۈم سۆزىگە
تەگداش ئىبارىلەر جۈملىدە تۈركىي تىللارنىڭ ئىپادىلەش
كۈچىنى نامايان قىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، ئۆچمەك، يو-
قالماق مەنىسىدىكى «ئۆچ» سۆزىدىن ياسالغان « Öqti.
ئۆچتى. ئوت ئۆچتى. ئەرنىڭ ئۆپكەسى ئۆچتى— ئادەم-
نىڭ غەزىپى ئۆچتى. ئەر تېنى ئۆچتى— ئادەمنىڭ تىنىقى
ئۆچتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.»
(1- توم، 222- بەت). « Öqükti. ئۆچۈكتى. ئۆچتى. ئەر
تىنىقى ئۆچتى. ئۇستىگە سوغۇق سۇ سېپىلغانلىقتىن ياكى

www.uyghurkitap.com



قاتتىق تاياق يېگەنلىكىدىن تىنىقى توختاپ قالغان كىشىگە-
مۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.» (1-توم، 259-بەت) ئىبارى-
سى بىلەن، كەچمەك، ئۆتمەك مەنىسىدىكى «كەچ» سۆ-
زىدىن ياسالغان « kəqti كەچتى. ئۆتتى. ئەر كەچتى—
ئادەم ئالەمدىن ئۆتتى.» (2-توم، 4-بەت) ئىبارىسى،
شۇنداقلا كەس، كەسمەك سۆزىدىن ياسالغان «ئانىڭ
تىنى كەسلدى — ئۇنىڭ تىنىقى كېسىلدى يەنى جان
ئۈزدى.» (1-توم، 441-بەت) ئىبارىلىرىدىن تەركىب تاپ-
قانلىقىنى كۆرەلەيمىز. يۇقىرىقى ئۆلۈمگە دائىر سۆزلەملەر-
نىڭ ھەممىسى كۆچمە مەنىدىكى سۆزلۈكلەردۇر. ئۇنىڭ-
دىن باشقا بۈگۈنكى كۈندە تىلىمىزدا ئەسلىي ئاتىلىشىنى
يوقاتقان، بۈگۈنكى كۈندە باشقىچە ئاتالسىمۇ يەنىلا
ئوخشاش مەنىگە ئىگە بىر قىسىم سۆزلۈكلەرمۇ ئۆلۈم سۆ-
زىنىڭ تەگداش ئاتالغۇسى بولۇپ تىلغا ئېلىنغان. مەسى-
لەن، « amruldi. ئەمرۇلدى توختىدى، تىندى، ئەر تىنى
ئەمرۇلدى — ئادەمنىڭ تىنىقى توختىدى.» (1 توم، 331-
بەت)، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «ئەمرۇلدى» ئىبارىسى
بۈگۈنكى كۈندە تىلىمىزدا توختاش، تىنىش مەنىلىرىدە
بولۇپ، جۈملىدە ھاياتلىقنىڭ توختاپ قالغانلىقىنى بىلدۈ-
رۈپ ئۆلۈم سۆزىگە تەگداش سانالغان. ئۇنىڭدىن باشقا
تۈگىدى. ئاخىرلاشتى مەنىسىدىكى «alkïndi. ئالقىندى.
تۈگىدى. ئەر ئالقىندى — ئادەم تۈگىدى. (ئۆلدى)» (1-
توم، 337-بەت) ئىبارىسىمۇ يۇقىرىقى مەنىدە كەلگەن.
ئۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلاردىن بىر قىسمى يەنە ئو-
غۇزچە ئاتىلىشى بىلەن تىلغا ئېلىنغان. « Yas. ياس
ئۆلۈم. ھالاكەت. ئوغۇزچە. ئانىڭ ئوغلى ياس بولدى-
ئۇنىڭ ئوغلى ئۆلدى.» (3-توم، 218-بەت). بۇ يەردە
تىلغا ئېلىنغان «ياس» سۆزى تۈركىي تىلدا «زىيان» مە-
نىسىدە بولۇپ، چىقىمدار بولماق، ئىبارىسى ئوغۇز شىۋى-
سىدە «ئۆلۈم» بىلەن تەگداش ئاتالغۇ سانالغان.

«دىۋان»دا يەنە ئادەم بەدىنىدىكى مەلۇم ئەزانى
قوشۇپ تىلغا ئېلىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ھاياتىنىڭ ئا-
خىرلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئۆلۈم مەنىسىگە تەگداش
ئاتالغۇلارمۇ بار. مەسىلەن، « Yümdürdi. يۇمدۇردى.
ئول ئانىڭ كۆزىن يۇمدۇردى. ئۇ ئۇنىڭ كۆزىنى يۇم-
دۇردى.» (3-توم، 132-بەت) دېگەندەك. كۆزنىڭ يۇ-
مۇلۇشى يەنى ئۇخلاش كۆچمە ھالەتتە ئۆلۈمگە ئىشلىتىل-
گەن. يۇقىرىقى ئىبارە باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن
كىشىگىمۇ ياكى كۆزى ئوچۇق ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ
كۆزىنى باشقىلارنىڭ يۇمدۇرۇپ قويغان كىشىنىڭ ھەرىكە-
تىنى بايان قىلىشقىمۇ ماس كەلگەن. « Yümdi. يۇمدى.
ئادەم كۆز يۇمدى.» (3-توم، 86-بەت) دېگەن ئىزاھات
كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇغا كېتىشىنى بىلدۈرۈشىدىن تاشقىرى
يەنە يۇقىرىقى نەقىلنى تولۇقلاپ، جان ئۈزگەن كىشىنىمۇ
بىلدۈرۈپ كەلگەن. كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمىنى ياكى ئۆلۈپ
بولغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بايانلاردىن يەنە تۆۋەن-
دىكىسىمۇ بار. «كۆن. ئات كۆنى — ئات تېرىسى. بۇ
سۆز ئادەمنىڭ تېرىسى ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئانىك كۆنى
قۇرۇدى — ئۇنىڭ تېرىسى قۇرىدى. يەنى ئۆلدى.» (3-
توم، 191-بەت) دېگەن بايانغا قارىغاندا كىشىلەرنىڭ ئۆ-
لۈمىنى يەنە «ئانىڭ كۆنى قۇرىدى — ئۇنىڭ تېرىسى قۇ-
رىدى. يەنى ئۆلدى» دېگەن بايان بىلەنمۇ تەسۋىرلەپ
بېرىش ئادەتكە ئايلانغان.

«دىۋان»دا ئۆلۈمنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەر خىل
شىۋىلەردىكى ياكى ئەدەبىي تىلدا ئۆلۈمنى بىلدۈرۈشكە
ئىشلىتىلىدىغان سۆزلۈكلەر بولسۇن شۇ دەۋردە ئالدى
بىلەن تۈركىي تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ تولىمۇ موللۇ-
قىنى نامايان قىلىپ بەرگەن. «دىۋان»دىكى يۇقىرىقى مە-
لۇماتلارغا قارىغاندا بىر قىسىم ۋاسىتىلىك بايانلار ئارقى-
لىق ئۆلۈم ئۇقۇمى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپلا قالماي يەنە
ئۆلۈم سۆزى ساق كىشىلەرنى سۈپەتلەشكە ئىشلىتىلگەن.
مەسىلەن، « Ŏlxətti. ئۆلشەتتى. ئول ئانى ئۆلشەتتى —
ئۇ ئۇنى ئىچىرقىتىپ ئۆلەر ھالەتكە يەتكۈزدى.» (1-
توم، 347-بەت)، « Ŏlxədi. ئۆلشەدى. ئەر ئاچىپ ئۆل-
شەدى — ئادەم ئېچىرقاپ ئۆلەر ھالەتكە كەلدى.
(قورساق ئاچلىقتىن ئېچىرقاپ ئۆلەر ھالەتكە كەلدى. چە-
گىلچە) 1» (1-توم، 373-بەت). بۇ بايانلار پەقەت ئاچ-
لىقتىن ئارانلا قالغان كىشىلەرنى سۈپەتلەشكە ئىشلىتىلگەن.
دېمەك، ئاچلىقنىڭ ئاقىۋىتى باشقا ئىشلارغا قارىغاندا
كۆپرەك ئۆلۈم بىلەن خۇلاسىلەنگەچ، ئۆلۈم ئىبارىسى
كۆچمە مەنىدە «ئاچارچىلىق» مەنىسىگىمۇ ئىگە بولغان.
« Ŏlüt. ئۆلۈت. ئەر. كۈچتىن قالغان كىشى.» (1-
توم، 73-بەت). بۇ ئىبارىگە قارىغاندا قېرىپ ھالىدىن
كەتكەن كىشىنىڭ سۈپىتى ئۆلمەك ئىبارىسىنىڭ تومۇرى
بولغان «ئۆل» سۆزىدىن ئېلىنىپ قېرىلىققا ھەسرەتلىنىش-
تەك ئەھۋالنى بىلدۈرگەن بولسا كېرەك.

**2-بىر قىسىم تاشقى قىياپەت، فىزىيولوگىيەلىك ئا-
لاھىدىلىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بايانلار**

«دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان ئادەم بەدىنى توغرىسىدىكى
ئاتالغۇلار تىلغا ئېلىنغاندىن سىرت يەنە ئادەم بەدىنىدىكى

كەمتۈكلۈكلەر توغرىسىدىكى بايانلارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ.
بۇ بايانلارنىڭ بىر قىسمى كىشلەرنىڭ تۇغۇلغاندىلا كۆ-
رۈلگەن، تەبىئىي فىزىيولوگىيەلىك كەمتۈكلۈك ئەھۋالىدىن
خەۋەر بەرسە يەنە بىر قىسىم مەلۇماتلار ياشاش جەريانىدا
تۇرلۇك ھادىسە، ۋەقەلەر سەۋەبىدىن پەيدا بولغان جىسـ
مانىي كەمتۈكلۈكنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلگەن. يەنە بىر
قىسىم بايانلار كىشلەرنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقى
ھەققىدىمۇ بەزىبىر مەلۇماتلارنى بېرىپ كەلگەن. بۇ ئەھـ
ۋاللارغا قارىتا قانچىلىكى ئۇنۇمىنىڭ بولۇشىدىن قەتئىي
بىر قىسىم داۋالاش جەريانى بولۇشى تەبىئىي. يۇقىرىقى
بايانلارنىڭ بىر قىسمى بەلكىم داۋالاش جەريانىدىن كېيىنـ
كى ئاغرىق كىشىنىڭ ئەھۋالىنىمۇ كۆرستىشى مۇمكىن. بۇ
كىشلەرنىڭ جىسمانىي ئازابىدىن بەلكىم روھىي ئازابى ئېـ
غىرراق بولۇشى ئېنىق. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەـ
زەر ئۇلار مەيلى جەمئىيەت تەرىپىدىن چەتكە قېقىلسۇن
ياكى قېقىلمىسۇن شۇ روھى ۋە جىسمانىي ھالىتى بىلەن
شۇ جەمئىيەت ۋە قەبىلە، ئۇرۇقنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ
ياشاپ، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان توپنى تەشكىل قىلغۇچىلار-
دۇر. بۇ كىشلەر توغرىسىدىكى بايانلار ئاساسەن بىرىنچە-
دىن، تېنى ۋە روھى سالامەت، ئەمما بەدىنى نورمال كىـ
شلەردىن پەرقلىنىدىغانلار؛ ئىككىنچىدىن، بويى پاكارلار؛
ئۈچىنچىدىن، قول ياكى پۇتى مېيىپ كىشلەر؛ تۆتىنچە-
دىن، روھىي ھالىتى نورمال ئەمەسلەر. تىل جەھەتتە ئا-
جىزراق كىشلەر؛ بەشىنچىدىن، يۈز ۋە بەدەنىنىڭ مەلۇم
يېرىدە كەمتۈكلۈك سانىلىدىغان ھالەت بار كىشلەر ۋە
شۇ خىلدىكى توپنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بايانلاردىن
تەركىب تاپقان.

«دىۋان»دا روھى ۋە تەن جەھەتتىن ساغلام كىشىـ
لەرنىڭ بەدەن سۈپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۆزلۈكلەر-
مۇ تىلغا ئېلىنغان. تۇرمۇشتا كىشلەرنىڭ ئورۇق ياكى سېـ
مىزلىكى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئەھۋال. ئەمما بەزى-
بىر ئورۇقلۇق ۋە سېمىزلىكنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى كېسەل-
لىكتىن ئۇچۇر بېرىدىغان ئەھۋاللىرىمۇ بولىدۇ. بولۇپمۇ
«دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان، ئورۇقلۇق ياكى سېمىزلىككە
دائىر سۆزلەر جۈملىدە مەلۇم كىشلەرنىڭ تېنىدىكى كې-
سەللىكتىن بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «Aruķ.
ئارۇق. ئورۇق جۈدەڭ. ئوغۇز ۋە قىپچاقچە.» (1-توم،
90-بەت) «turlaķķ.تۇرلاق. ئورۇقلاپ كەتكەن مال
ياكى ئادەم. ئادەم قېرىپ ئورۇقلاپ ئاجىزلىشىپ كەتسە-
مۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.» (1-توم، 611-بەت). يۇقىرىقى
ئىككى ئۇچۇردا ئورۇقلۇقنىڭ بىر خىل بەدەن ئاجىزلىقى
ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. بولۇپمۇ ئىككىنچى سۆزلۈكتە
ئادەمنىڭ قېرىپ، ماغدۇرسىزلىنىپ ئاجىزلىشىنى ئورۇقتا
تەڭداش «تورلاق» ئاتالغۇسى بىلەن تىلغا ئېلىپ
ئۆتكەن. «تۇرلاق» ئىبارىسىنىڭ يەشمىسگە قارىغاندا بۇ
ئەھۋالدا نۇرغۇن كېسەللىك تەڭلا يۈز بەرگەن ياكى
مۇشۇ سۆزدە ئەكس ئەتكەن. بۇ بايانلارنىڭ قارمۇ قار-
شىسى بولغان سېمىزلىك ھەققىدە مۇنداق بايان بار.
«ķarnagu. قارناغۇ. قارناغۇ ئەر. يوغان قورساق
ئادەم.» (1-توم، 639-بەت). بۇ سۆز مەلۇم سەۋەبلەر،
جۈملىدىن ئىشتىھاسى، تۇرمۇش مۇھىتى ياخشى بولۇش
تۈپەيلىدىن قورساق سالغان كىشلەرنى كۆرسەتسە
كېرەك. ئورۇق ۋە سېمىزلىك تاشقى فىزىئولوگىيەلىك ئا-
لاھىدىلىك بولسىمۇ ئۇ يەنىلا ماھىيەتتە كېسەللىكتۇر.

«دىۋان»دا تاشقى قىياپەت جەھەتتە نورمال كىشىـ
لەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان پاكار كىشلەرنى تەسۋىرلەيـ
دىغان بايانلارمۇ بار. بۇ بايانلار شۇ دەۋردىكى ئىرسـ
يەت جەھەتتىنمۇ، ئوزۇقلىنىش ئەھۋالىنىڭ ياخشى بولماسـ
لىقى، شۇنداقلا كىچىكىدىنلا مەلۇم خىل كېسەلنىڭ تەسـ
رى بىلەن بويى ئۆسمەي پاكار بولۇپ قالغان كىشلەرنى
ئاتايدىغان سۆزلەملەر بولسا كېرەك. بۇ توغرىسىدىكى مە-
لۇماتلار بوي جەھەتتە تولىمۇ پاكارلارنى كۆپرەك كۆرسـ
تىپ كەلگەن. «دىۋان»دا پاكارلار «ئەرگەيۈ» ۋە
«چۆكۈت دېگەن ئىككى خىل ئاتالغۇ بىلەن تىلغا ئېلىنـ
غان. «əərməyü. ئەرگەيۈ. پارپا. بويى ئىككى گەز كېلە-
دىغان پەتەك ئادەم.» (1-توم، 183-بەت). ئەمما «دى-
ۋان»دا بۇ سۆزگە بېرىلگەن يەنە بىر خىل تەبىرگە قارى-
غاندا بۇ پەقەت پاكار كىشلەرنىلا كۆرستىپ كەلمەيدى-
كەن. ئالتە بارماقلىق كىشلەرمۇ «ئەرگەيۈ» دەپ ئاتىلى-
دىكەن. « Qŏküt. چۆكۈت. پاكار. پەتەك. چۆكۈت
كېشى-پاكار ئادەم.» (1-توم، 462-بەت) دېگەن ئاتالغۇ
بولسا، پاكار، پەتەكلەرنى ئاتايدىغان ئۆلچەملىك نام
بولسا كېرەك. چۈنكى بۇنىڭ كۆپلۈك شەكلىمۇ بار
بولۇپ، « Qŏkütlük. چۆكۈتلۈك. پاكلىق. 1» (1-توم،
658-بەت) دېگەن بايان بۇ قارىشىمىزنى دەلىللەپ كېلى-
دۇ. پاكارلىقنىڭ ئۆزى ھەرگىز كىشلەرگە جىسمانىي
ئازاب ئېلىپ كېلىدىغان كېسەللىككە كىرمەيدۇ. ئەمما يۇ-
قىرىقى قارىشىمىز بويىچە بىر قىسىم ئىنتايىن ئاز ساندىكى
پاكار، پەتەك كىشلەر كېسەللىك سەۋەبىدىن بويى ئۆسمەي
شۇنداق بولۇپ قالغانلىقنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





قول ۋە پۇتىدا غەيرىي ئالامەتلەر ۋە كېسەللىك تەسىرى بار كىشىلەرمۇ «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان. ئالدى بىلەن قولغا مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا قاراپ باقىدىغان بولساق زەخمىدىن بارلىققا كەلگەن ئالامەتلەر كۆپرەك گەۋدىلىنىدۇ. «Qolakķķ. چولاق.» (1-توم، 495-بەت) دېگەن ئىبارە دەل تاشقى كۈچلەرنىڭ سەۋەبىدىن قولنىڭ زەخىملىنىپ چولاق بولۇپ قېلىشىنى كۆرسىتىپ بەرسە كېرەك. چولاق سۆزىنىڭ قېپچاقچە تەلەپپۇز قىلىنىشىمۇ بۇ ئەكس ئېتىدۇ. «Katü. كەتۈ: چولاق. قىپچاقچە.» (3-توم، 302-بەت) يۇقىرىقى ئىككى ئاتالغۇ قوشۇمچە بايانلاردىن مۇستەسنا بىۋاستىلا چولاق دېگەن ئاتالغۇنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. يۇقىرىقىلار بەلكىم ئۇرۇش، جەڭلەردە ياكى تۈرلۈك ھادىسىلەر سەۋەبىدىن ئادەم قولىدىن ئايرىلىپ قالغان كىشىلەرنى ئاتايدىغان سۆز بولۇشى مۇمكىن. بۇلاردىن باشقا يەنە جىسمانىي جەھەتتە ئازاب ئېلىپ كەلمەيدىغان، ئەمما نورمال ئەھۋال ئەمەس دەپ قارىلىدىغان بايانلارمۇ بار. بۇ بايان پەتەك كىشىلەرنىمۇ ئاتايدىغان ئاتالغۇ بىلەن ئىپتىلىشتا ئوخشاش، ئەمما ئىپادىلەيدىغان مەنىسى ئايرىم. يەنى، «ئەرگەيۈ. ئېرىنگاي. ئالتە بارماقلىق ئادەم.» (1-توم، 183-بەت) دېگەندەك. «دىۋان»دا يەنە چەيچى كىشىلەرنى ئاتايدىغان مۇنداق بىر ئىبارە بار. «solamuk. سولامۇق. سولخاي.» (1-توم، 634-بەت) قارىماققا بۇ ئاتالغۇنىڭ كېسەللىك بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق بولۇپ، نورمال كىشىلەر ئارىسىدىمۇ نۇرغۇن كىشى ئىش-ھەرىكەتلەردە ئاساسلىق سول قولىنى ئىشلىتىپ كۆنۈپ قالىدىغان ئىش ئادەتتىكىدەك ئەھۋالدۇر. ئەمما سول قولىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولۇپ قالىدىغان، يەنى ئوڭ قولى مېيىپ بولغان، زەخىملەنگەن شارائىتتا سول قولنى ئاساسلىق ئىشلىتىدىغان كىشىلەرمۇ بار.

«دىۋان»دا بەزىبىر ئادەملەرنىڭ پۇت قىسمىدىكى نورمال كىشىلەردىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدە تەرەپلىرى توغرىسىدىمۇ، شۇنداقلا پۇت قىسمىنىڭ زەخىملىنىشى سەۋەبلىك پەيدا بولىدىغان بىنورمال ھالىتىنىمۇ بىر قىسىم سۆزلۈكلەر بىلەن بايان قىلىپ بەرگەن. نورمال كىشىلەردىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان، شۇ خىل كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە باشقا تەرەپلىرىگە ئانچە تەسىر قىلىپ كەتمەيدىغان بەزىبىر فىزىيولوگىيەلىك ئەھۋاللار تۆۋەندىكىدەك تىلغا ئېلىنغان. «azrïputlug. ئايرى پوتلۇغ. ئاراپۇتلۇق. قايچا پۇت ئادەم.» (1-توم، 170-بەت)، «Mayguķķ. مايغۇق: ئىچ مايماق ئادەم.» (3-توم، 242-بەت). بۇ خىل ئاتالغۇلار شۇ خىل كىشىلەرنىڭ پۇتىنىڭ قىياپەت ھالىتىگە قاراپ مەيدانغا كەلگەن. ئەمما يەنە بىر قىسىم پۇتقا مۇناسىۋەتلىك بايانلاردا بولسا ناھايىتى ئېنىق بولغان كېسەللىك ئالامىتى ۋە ئاغرىق ئازابى چىقىپ تۇرىدۇ. «Ahsaķķ. ئاخساق. ئاقساق.» (1-توم، 161-بەت) ئىبارىسى پۇتى زەخىملەنگەن ياكى ئېغىر يول ئازابىدىن قاتتىق ھېرىپ ئاقساق كىشىگە ئوخشاپ قالغان كىشىلەرنىڭ پۇتىدىكى بىنورمال ئەھۋالنى كۆرسىتىپ كەلسە، «Öldrüm. ئۆلدۈرۈم. ئۆلەرمەن، پالەچ.» (3-، 564-بەت) ئىبارىسى پەقەتلا مېڭىش ئىمكانىيىتىنى يوقاتقان كىشىلەرنى كۆرسىتىپ كەلگەن. بۇ سۆزنىڭ تومۇرى «ئۆلمەك» ئىبارىسىدىن كۆچمە ھالەتتە قوللىنىلغان بولۇپ، بىز بۇ سۆز ئارقىلىق مۇشۇ خىل ھالەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئورنى ۋە بۇ خىل ئاغرىقنىڭ باشقىلار نەزەرىدە ساقايمايدىغان، ئاللىبۇرۇنلا ئۈمىد ئۈزۈلگەن ئاغرىق دەپ قارىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

«دىۋان»دا يەنە باش ۋە يۈز قىسمى ئەتراپىدا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ياكى تۇرمايدىغان، كىشىلەرنىڭ چىراي، تۇرقىدىكى تەبىئىي گۈزەللىككە نۇقسان ئېلىپ كېلىدىغان بىر قىسىم ئەھۋاللار توغرىسىدىمۇ بايانلارنى قىستۇرۇپ ئۆتكەن. بۇ بايانلار ئەكس ئەتتۈرگەن بىر قىسىم ھالەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى بىر قاراشقىلا بىلىپ ۋە كۆرۈپ يەتكىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، قۇلىقىدا مەسىلە بار ئاڭلىيالمايدىغان كىشىلەر. «Üz. ئۈز. گاس پاڭ. ئۈز كىشى — پاڭ ئادەم.» (1-توم، 63-بەت)، «tuŋu. تۈڭى. گاس، پاڭ.» (3-توم، 502-بەت). گاس كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن بىخەۋەر كىشىلەرگە نىسبەتەن قارىماققا مەسىلە يوقتەك تۇيۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىلدىكى كىشىلەر مەلۇم سەۋەبلەردىن ئۆزىنىڭ نورمال ئاڭلاش ئىقتىدارىنى يوقاتقان ياكى ئاجىزلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئېنىقلا مەلۇم كېسەللىك كەچۈرمىشىنى باشتىن كەچۈرگەن بىر تويپتىن ئىبارەت.

«دىۋان»دا يەنە باش ۋە يۈز قىسمىدا مەلۇم كېسەللىكنىڭ ئىزنالىرى بار كىشىلەر ھەققىدىمۇ توختىلىدۇ. بېشىدا چېچى يوق كىشىلەرنى مۇنداق تەسۋىرلەپ كەلگەن «Sokaķ. سوقار. سوقار ئەر — ئاپپاڭباش ئادەم.» (1-توم، 536-بەت) بۇ باياندىكى كىشىلەرنىڭمۇ چېچىنىڭ نېمە سەۋەبتىن چۈشۈپ كېتىپ شۇنداق بولۇپ قالدىغانلىقى ھەققىدە مىساللارنى كەلتۈرۈش ھاجەتسىز. ئەمەلىيەتتە

بۇنىڭغا نۇرغۇن سەۋەبلەرنى كەلتۈرگىلى بولىدۇ. گەپنى ئۇزارتماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل كېسەللىك ھەققىدە ماقالىنىڭ كېيىنكى قىسمىدا تەپسىلىي توختىلىدىغان بولغاچ، بۇ يەردە بۇ خىل ھالەتنىڭ كىشىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىگە نىسبەتەن ئېلىپ كېلىدىغان ئازراق تەسىرىنى تىلغا ئېلىش ئۈچۈنلا توختالدۇق. يەنە مەزمۇن ئېھتىياجى ئۈچۈن، «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان، ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدىغان، «ķamgï yüzlüg. قامغى يۈزلۈگ. يۈزى قىيسىق ئادەم.» (1-توم، 556-بەت) دېگەن ئاتالغۇنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇق. بۇ باياندا ئەكس ئەتكىنى مەلۇم سەۋەبلەردىن (شامال دارىش. نېرۋىنىڭ مەلۇم تەسىرگە ئۇچراش ۋەھاكازا) تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان كېسەللىك ئەھۋالى بىلەن باغلاپ بېقىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كۆزى نورمال ئەمەسلەرنى ئاتايدىغان «kiŋir. قىڭىر. ئەر — ئەلەس كۆز ئادەم.» (3-توم، 496-بەت). ئىبارىسىمۇ نورمال بولمىغان فىزىيولوگىيەلىك ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تاشقى قىياپەتتە ئەڭ روشەن گەۋدىلىنىدىغان، شۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىگە جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە ئېغىر ئازاب ئېلىپ كېلىدىغان پوقاق توغرىسىدىمۇ رىۋايەتلىك بىر بايان تىلغا ئېلىنىدۇ. «Boķuķlug ar. بوقۇقلۇغ ئەر. پوقاق ئادەم.» (1-توم، 648-بەت) دېگەن مىسال بىلەن بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشى ھەققىدە توختىلىدۇ. «دىۋان» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا بۇ خىل كېسەللىك ساقايماس كېسەللىك بولۇپ، بۇ توغرىسىدىمۇ ماقالىنىڭ كېيىنكى قىسمىدا توختىلىدىغان بولغاچ، بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىگە نىسبەتەن تەسىرىنى تىلغا ئېلىپلا بولدى قىلدۇق. «دىۋان»دا يەنە تىل ئىپادىلەش جەھەتتە نورمال ئەمەس دەپ قارىلىدىغان كىشىلەرنى تەسۋىرلەشتە قوللىنىدىغان بىر ئىبارە بولۇپ، «Kafgak. كەفگەك. كېكەچ. تىلىنى چايناپ سۆزلەيدىغان كىشى.» (2-توم، 422-بەت). بۇ ئىبارىمۇ كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى، ئوبرازىغا نىسبەتەن تەسىر قىلىدىغان ئەھۋال بولغاچ بىزمۇ مۇشۇ مەزمۇندا تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. روھىي ھالىتى نورمال ئەمەس، مەجنۇن سۈپەت كىشىلەرگە ماس كېلىدىغان «Inas. ئىنەس. ھاڭۋاقتى. ئىنەس كىشى — يېڭىياچىدەك ئۇياق-بۇياققا قاراپ ماڭىدىغان ئادەم.» (1-توم، 127-بەت) دېگەن بايان‍دا كىشىلەردە كۆرۈلىدىغان بىر قىسىم روھىي ئاجىزلىق ئامىللىرىنىمۇ بىلىپ يەتكىلى بولىدۇ.

«دىۋان»دا مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۈز ياكى باشقا قىسىملىرىدا سۇنئىي پەيدا بولغان، ساقايمايدىغان زەخمىلەرمۇ تىلغا ئېلىنغان. بۇ زەخمىلەر كۆڭۈللەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاغرىقى ساقايسىمۇ شۇ كىشىگە قالدۇرىدىغان روھىي ئازابى بىر ئۆمۈر داۋاملاشقان. مەسىلەن، تاتۇق، كۆيۈك قاتارلىقلار. «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان يەنە بىر تاشقى زەخمە «Köyük. كۆيۈك.» (3-توم، 230-بەت) دۇر. بۇ خىل ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ئوت ئاپەتلىرى ۋە قىزىق نەرسىلەرگە يېقىنلىشىشتىن كېلىپ چىققان. مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن بۇ خىل ئىشقا دۇچار بولغان كىشىلەر ئاغرىقىدىن ساقايسىمۇ داۋالاش جەھەتتە يېتەرلىك بولمىغانلىرىدا كۆيۈكنىڭ قالدۇقى تاتۇق بولۇپ شەكىللىنىپ تاشقى قىياپىتىگە بەزى نۇقسانلارنى قالدۇرۇشقان، شۇنىڭ بىلەن جىسمانىي ئازاب روھىي ئازابقا ئالمىشىپ بارغان.

يۇقىرىقى بايانلارنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى. مەيلى كېسەللىك سانالسۇن ياكى سانالمىسۇن بىر قاراشقىلا سىرتقى جەھەتتىكى فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىك بىلەن كىشىلەردە باشقىچە تەسىر قالدۇرىدۇ، شۇنداقلا بىر قىسىم كېسەللىكلەردىن ۋاسىتىلىك مەلۇمات بېرىپ كېلىدۇ.

### 3. «ئىگ»، ئاغرىق سۆزلىرى توغرىسىدا

تۇزاق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

ئىگلەدى مەنىڭ ئازاق
كۆرمەزىپ ئوغرى تۇزاق
ئىگلەدىم ئاندىن ئۇزاق
ئەملەگىل ئەمدى تۇزاق

يوشۇرۇن تۇزاقنى كۆرمەي، ئۇنىڭغا ئايىغىم ئېلىندى، شۇ سەۋەبتىن ئۇزاق ئاغرىدىم، ئەي سۆيۈملۈكۈم، ئەمدى مېنى ئۆزۈڭ ئەملىگىن. 1-توم، 493-بەت.

يەنە بەزىدە كىشىلەرنىڭ پىسخىكىسى مىجەز-خۇلقىمۇ ئىگ (كېسەل)لەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مۇھىم ئامىللارغا ئايلانغان. «دىۋان»دا مىجەز-تەبىئەتنى بايان قىلىدىغان «Tadu. ئادەمنىڭ مىجەز - تەبىئىتى.» (3-توم، 3-بەت) دېگەن مەلۇماتقا قارىغاندا ئەم — تېبابەتچىلىك ئىشلىرىدا مىجەزگە قاراپ ئوت (دورا) بېرىش ۋە ئەملەش رەسمىي سىستېمىسىغا چۈشۈپ بولغان.

«دىۋان»دىكى بەزىبىر ئاتالمىلار تۈركىي تىلىنىڭ سۆز ياساش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن بەزى چاغلاردا بىر سۆز ئوخشىمىغان مەنىلەرنى ئىپادىلەپ كەلگەن. بولۇپمۇ خەۋەر رولىنى ئۆتەپ كەلگەن بىر قىسىم سۆزلۈكلەردىن شۇ دەۋردىكى تېبابەت، دېھقانچىلىق تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



«دىۋان»دا مەھمۇد كاشغەريي نۇرغۇنلىغان ئاغرىقىقا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويغاندىن سىرت يەنە بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسى، ئىشلىتىلىش ئورنىنى چۈشەندۈرگەندە يەنە داۋالاش ئىشلىرى ۋە ئىگ (ئاغرىغ، كېسەل) لەرگە باغلاپ چۈشەندۈرگەن. تۆۋەندە «دىۋان»دىكى شۇ دەۋردە بىۋاستە «ئىگ» (ئاغرىغ)نى بىلدۈرۈشكە قوللىنىلغان سۆزلەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە بىر بۆلەك خەۋەر بولۇپ كەلگەن. «ئىگ» (ئاغرىغ)نى بىلدۈرۈپ كەلگەن سۆزلۈكلەر بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

«دىۋان»دا تۆرلۈك كېسەللەرنىڭ ئورتاق نامى توغرىسىدا ئىككى خىل ئاتالغۇ دائىم تىلغا ئېلىنىدۇ؛ بۇنىڭ ئىچىدە «ئىگ» يەنى؛ « ig. ئىگ: كېسەل.» (1 ـ توم. 67 ـ بەت) دېگەن ئاتالغۇ تۆرلۈك كېسەللەرنىڭ ئورتاق نامىنى كۆرسىتىپ كېلىدۇ. يەنە بىر خىل ئاتالغۇ « S.Ögəl. سۆگەل. كېسەل، ئاغرىق. ئوغۇزچە.» (1 ـ توم، 512 ـ بەت) دېگەن ئاتالغۇ بولسا ئانچە كۆپ تىلغا ئېلىنمايدۇ. بۇ بەلكىم «دىۋان»دىكى سۆزلۈكلەرنىڭ ئوغۇزلارنىڭ ئەمەس، بەلكى خاقانىيە شېۋىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ تۈزۈلگىنىدىن بولسا كېرەك. پۈتۈن «دىۋان»دا «سۆگەل» سۆزى پەقەت ئۈچ يەردە تىلغا ئېلىنىدۇ. يەنى بىرسى بولسا «. سۆگەل ئوگۈلدى ــ كېسەل ئوڭلاندى.» (1 ـ توم، 290 ـ بەت) دېيىلگەن مەلۇماتتىن ئىبارەت. ئاخىرقىسى بولسا «Sïzdï. سىزدى. سۆكەل سىزدى ــ ئاغرىق سىزدى (ئورۇقلاپ ئاجىزلىدى)» (2 ـ توم، 11 ـ بەت). «دىۋان»دا «كېسەل»گە تەگداش يەنە بىر ئاتالغۇ بار «Yavrïdï. ياۋرىدى. ئاجىزلىدى. ئەر ياۋرىدى ــ ئادەم ئاجىزلىدى، يەنى نامراتلىق ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن ئورۇقلىدى.» (3 ـ توم، 415 ـ بەت). بۇ ئاتالغۇمۇ پەقەت بىرلا يەردە كۆرۈلىدۇ. ئەمما «ئىگ» سۆزىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن سۆزلۈكلەر قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ؛ بۇ سۆزگە «چىل» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، كېسەل بولغان كىشىنى كۆرسىتىدىغان سۆز ياسىلىدۇ. مەسىلەن، « Igqil. ئىگچىل: كېسەلچان كىشى.» (3 ـ توم، 76 ـ بەت). زامان قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، ئادەمنىڭ كېسەل بولغىنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ياسىلىدۇ. « iglədi. ئىگلەدى يىگلەدى كېسەل بولدى، ئەر ئىگلەدى ــ ئادەم كېسەل بولدى.» (1 ـ توم، 378 ـ بەت). پۈتۈن «دىۋان» ئىچىدە «ئىگ» سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ ياكى باغلىنىپ كەلگەن سۆزلەر تولىمۇ كۆپ. دېمەك «ئىگ» يەنى (كېسەل) ئىبارىسى شۇ دەۋردىكى تۆرلۈك كېسەللەرنىڭ ئورتاق نامى، شۇنداقلا ئورتاق ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلىدىغان سۆزلۈكتىن ئىبارەت. «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان «ئىگ»لەرنىڭ تۆرلىرى تولىمۇ كۆپ بولۇپ، بۇ تۆرلەرمۇ خىلمۇخىل ئۆزگىچە ناملار بىلەن ئايرىم-ئايرىم تىلغا ئېلىنغان. «دىۋان»دا «ئىگ»گە تەگداش يەنە بىر سۆز بار. ئۇ بولسىمۇ «ئاغرىغ»دۇر. «Agrig؛ ئاغرىق: بەدەننىڭ قەيىرى ئاغرىسا شۇ يەر ئاغرىقى، (باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى)» (1 ـ توم، 133 ـ بەت). ئەمما جۈملىلەردە «ئىگ» سۆزىنىڭ ئىگىللىگەن نىسبىتى بىر قەدەر كۆپرەك. يەنە بىر خىل «كېسەل» مەنىسىدىكى سۆز « titik؛ تىتىك: ئاغرىق. باش تېتىك تىتتى ــ يارا بەك ئاغرىدى» (1 ـ توم، 501 ـ بەت) بۇ نامى پەقەت بىرلا يەردە تىلغا ئېلىنىدۇ. تىلغا ئېلىنغاندىمۇ «باش» يەنى يارا سۆزى بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ. « q rl ndi. چەرلەندى: كېسەل بولدى، ئاغرىدى، ئېغىرلاشتى. ئەر ئۆزى چەرلەندى ــ ئادەمنىڭ تېنى ئاغرىدى. (كېسەل) ئېغىرلاشتى.» (2 ـ توم، 355 ـ بەت). يۇقىرىقى «چەرلەندى» ئىبارىسىدىن ئۇنىڭ «ئىگ» ۋە «ئاغرىغ» ئىبارىسىگە تەگداش ئاتالغۇ ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئەمما بۇ ئىبارە پەقەت بىرلا يەردە مىسال بولۇپ كەلگەن بولۇپ، بەلكىم بىرەر قەبىلىنىڭ شېۋىسىدىن ئېلىنغان بولسا كېرەك. ئەمما «دىۋان»دا بۇ سۆزنىڭ قايسى قەبىلىنىڭ شېۋىسى ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلمىگەن. يۇقىرىقى بايانلارغا قارىغاندا «ئىگ» پۈتۈن كېسەللەرنىڭ ئورتاق نامى بولۇپ، جۈملىدە ئاغرىغۇچىنى كۆرسىتىپ كەلسە، «ئاغرىغ» ئىبارىسى «ئىگ» يەنى كېسەلنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان سۆزلۈكتەك قىلىدۇ. «دىۋان»دىكى، «agrudï. ئاغرۇدى. ئېغىرلىدى. ئىگلىگ ئاغرۇدى ــ كېسەل ئېغىرلاشتى.» (1 ـ توم، 361 ـ بەت) «agrïndï. ئاغرىندى، ئاغرىپ كەتتى. ئاغرىقتىن قىينالدى. balïg agrïndï. بالىغ ئاغرىندى. يارىدار ئاغرىقتىن ئازابلاندى.» (1 ـ توم، 334 ـ بەت). «agrïdï. ئاغرىدى، ئۇنىڭ بېشى ئاغرىدى. باشقا ھەرقانداق يەرنىڭ ياكى يارىنىڭ ئاغرىشىمۇ شۇنداق دېيىلدى.» (1 ـ توم، 361 ـ بەت). «tutti. تۇتتى. ئاغرىق تۇتتى. باش ئاغرىقنى كۆرسىتىدۇ.» (2 ـ توم، 425 ـ بەت) دېگەن بايان بۇ پەرىزىمىزنى دەلىللەپ كېلىدۇ. يەنى «ئاغرىغ» سۆزى كۆپرەك قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن پېئىل بولۇپ كىشىلەرنىڭ ئازابىنى بايان قىلىشقا قوللىنىلغان. ئاغرىقنىڭ يەنە بىر خىل نامى بولغان «توغا» ئاتالغۇسىغا بېرىلگەن ئىزاھاتقا قارىغاندا بۇ ئاتالغۇ ئادەمنىڭ ئاغرىش

ئالدىدىكى بەدەندە كۆرۈلگەن دەسلەپكى ئالامەتلىرىنى
ۋە ئاغرىغاندىن كېيىنكى داۋاملىق جانغا ئېلىپ كەلگەن
ئازابىنى كۆرسىتىپ كەلگەن. « Toga. كېسەل، كېسەل-
لىك. ئىگ توغا ــ بەدەننىڭ بىمارلىقى.» (3-توم، 311-
بەت). بۇ سۆز «ئىگ» ئىبارىسىگە قوشۇلۇپ، ئاغرىقنىڭ
قىينىلىشىنىڭ يۇقىرى باسقۇچقا بېرىپ قالغانلىقىنى ئىپادى-
لەشكە كۆپرەك ئىشلىتىلگەن. كىشىلەرنىڭ ئاغرىق سەۋە-
بىدىن ۋە باشقا سەۋەبلەردىن تۇيۇقسىز هوشىدىن كېتىشى-
نى بايان قىلىدىغان سۆزلۈكلەر يوق، ئەمما «azïldï. ئا-
زىلدى. هوشىغا كەلدى. ئەسرۇك ئازىلدى ــ مەست ۋە
بىخۇد هوشىغا كەلدى.» (1-توم، 261-بەت) دېيىلگەن
بايانىدىكى «ئازىلدى» ئىبارىسى بەلكىم هوشىدىن كېتىش-
كىمۇ ئىشلىتىلگەن بولسا كېرەك. «دىۋان»دا دەرت مەنى-
سىدە كەلگەن «ئەلكىن» ئىبارىسىمۇ ئاغرىقنى بىلدۈرۈپ
كېلىشكە قوللىنىلغان. «uvundï. ئۇۋۇندى. ئول ئەلكىن
ئۇۋۇندى ــ ئۇ بېشىغا چۈشكەن مۇسىبەت، ئاڭلىغان
يامان خەۋەر ياكى ئاغرىقنىڭ دەردىدىن قوللىرىنى ئۇۋۇ-
لىدى.» (1-توم، 272-بەت). يۇقىرىقى جۈملىدە
«ئەلكىن» ئىبارىسىنىڭ جۈملىدىكى مەنىسىگە قارىغاندا
روهىي ئازابنى بىلدۈرۈشكە كۆپرەك قوللىنىدىغان
سۆزلۈك بولسا كېرەك. «دىۋان»دا كېسەل مەنىسىنى بىل-
دۈرىدىغان يەنە بىر سۆز بايان قىلىنغان. «كەملەدى.
كېسەل بولدى، ئاغرىدى. ئات كەملەدى ــ ئات كېسەل
بولدى.» (3-توم، 411-بەت). ئەمما بۇ سۆزنىڭ يەشىمى-
سىگە قارىغاندا بۇ مەخسۇس ئاغرىق هايۋانلارنى كۆرسى-
تىدىغان سۆز بولۇپ، بۇنىڭدىن مەلۇمكى بۇ سۆزدىن
باشقا هەممە ئاغرىقنى بىلدۈرىدىغان سۆزلۈكلەر پەقەت ۋە
پەقەت ئىنسانلارغىلا قوللىنىدىغان سۆزلۈكلەردۇر.

ئىگ (ئاغرىغ)گە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەملەر.

agrïttï؛ ئاغرىتتى: رەنجىتتى. ئول ئانى ئاغرىتتى. 1-
توم، 345-بەت.

agrïdï ئاغرىدى: ئانىڭ باشى ئاغرىدى. باشقا هەر-
قانداق يەرنىڭ ياكى يارىنىڭ ئاغرىشىمۇ شۇنداق دېيىل-
دۇ.) 1-توم، 361-بەت.

agrudï. ئاغرۇدى: ئىگلىك ئاغرۇدى ــ كېسەل ئې-
غىرلاشتى. 1-توم، 361-بەت.

agrïkandï. ئاغرىقاندى: ئاغرىق تارتتى. ئەر ئاغرى-
قاندى ــ ئادەم ئاغرىقدىن زارلاندى. 1-توم، 409-بەت.

tolgandï. تولغاندى ــ تولغاق تۇتتى. تولغىۋالدى.
ئەر ئۆلىندى تولغاندى. ئادەم ئاغرىق سەۋەبىدىن ئۆۋۈل-
ىنىپ تولغاندى. 2-توم، 350-بەت.

Yaldï. يالدى. يالقۇنلىدى، كۆيدۈردى. باش يال-
دى ــ يارا كۆيدۈرۈپ ئاغرىدى. 3-توم، 85-بەت.

Ursukti. ئۇرسۇقتى. تاياق يېدى. 1-توم، 322-
بەت. ahsattï ئاخساتتى. ئۇلئانى ئاخساتتى ــ ئۇ ئۇنى
ئاخساتتى. 1-توم، 347-بەت.

iglandi. ئىگلەندى: ئاغرىق تۇتتى، تولغاق يېدى.
1-توم، 343-بەت.

iglatti. ئىگلەتتى: كېسەل قىلدى. بۇ يەر ئانى ئىگ-
لەتتى ــ بۇ ئۇنى ئاغرىتىپ قويدى. 1-توم، 351-بەت.

agrudï. ئاغرۇدى: ئىگلىك ئاغرۇدى ــ كېسەل ئې-
غىرلاشتى. 1-توم، 361-بەت.

iglədi يىگلدى: كېسەل بولدى. ئادەم كېسەل
بولدى. iglar-iglamak. 1-توم، 378-بەت

igləldi. ئىگلەلدى: يىتكىلدى. كېسەل بولدى، ئاغ-
رىدى. تەگمە تۈرلۈگ ئىگ ئىگلەلدى ــ تۈرلۈك كېسەل
بىلەن ئاغرىدى. 1-توم، 390-بەت.

iglaxti. ئىگلەشتى كېسەل بولدى. 1-توم، 321-
بەت.

ķamturdï. قەمتۇردى. هوشىدىن كەتكۈزدى. تېلىق-
تۇردى. ئول ئانى ئۇرۇپ قامتۇردى. 2-توم، 274-بەت.

Kŏklandi. كۆكلەندى. كۆك چۈشتى. بىراۋنىڭ يۈ-
زىگە مەلۇم سەۋەبلەردىن كۆك چوچۇشنى كۆرسىتىپ
كەلگەن. 2-توم، 369-بەت.

يۇقىرىقى بايانلار مەخسۇس تۈركىي تىللىق مىللەت-
لەرنىڭ ئاغرىپ قېلىش جەريانىدىكى هالەتلىرىنى ئىپادىلەي-
دىغان بايانلار بولۇپ، بۇ بايانلار ئوخشىمىغان ئاغرىقلار-
نى كۆرسىتىپ هەر خىل مەنىلەردە كەلگەن. كىشىلەرنىڭ
ئۆز ئاغرىقنىڭ سەۋەبىنىڭ هەر خىللىقىدىن ئاغرىق
تارتىش جەريانىدىكى كېسەللىك ئۆزگىرىش ئەهۋالى مە-
سىلەن، يارىلىنىش، كېسەللىك قايتىلىنىش ئەهۋالى هەر
خىل بولۇشى تەبىئىي. دىۋاندا مۇشۇ خىل ئەهۋال توغرى-
سىدىمۇ بىر بۆلۈك بايانلار ئۇچرايدۇ. يۇقىرىقىلار
مەهمۇد كاشغەرىي دىۋاندا هەر خىل ئىگ (كېسەل) ئاغ-
رىقلار توغرىسىدا توختالغان بايانلار ئىچىدىكى بىر
قىسمى. بۇ ئادەم تېنىدىكى هەر خىل ئاغرىقلارنىڭ ئوخ-
شىماسلىقىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ بايانلار شۇ
دەۋردە ئاغرىغ ئاتالمىلىرىنىڭ مۇكەممەللىكى، تىبابەت
داۋالاش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى، شۇنداقلا شۇ
دەۋردىكى ئەدەبىي تىل ۋە ئېغىز تىلىنىڭ تەرەققىيات

سەۋىيەسىنىڭ تولىمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا كەلگ تۈركىي قوۋملارنىڭ تىلىدىكى بەزىبىر ئاتالمىلارنىڭ شۇ جەھەتتە كۈچلۈك يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىدىنمۇ دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ.

**4- تاشقى زەخىملەرنىڭ نامى توغرىسىدا**

«دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان «نۇرغۇن ئىگ» (كېسەل) لەرنىڭ دەسلەپكى مەنبەسى تاشقى زەخىمە ياكى تاشقى زەخىمە سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئاغرىقلاردىن ئىبارەت. شۇ دەۋر شارائىتىدا ئېلىپ بېرىلغان قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرالار، ھەتتا قوۋم، ئۇرۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشلارنىڭ ئاقىۋىتى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ زەخىملىنىشى بىلەن ئاخىرلاشقان. «دىۋان»دىكى تۈرلۈك ئۇرۇشلارنى تەسۋىرلەيدىغان قوشاقلار بۇنىڭ جانلىق مىسالىدۇر. بۇنداق ئۇرۇشلاردا ئەلگ ئازابىنى تارتىدىغانلار يارىدارلار بولۇپ، بۇ خىل كىشىلەرنى «دىۋان»دا بالىغ دەپ ئاتاشقان. «baligg؛ بالىغ: يارىدار.» 1-(توم، 34-بەت). «Baliggg. بالىغ. يارىدار.» (1-توم، 530-بەت). بۇ سۆز ئىككى يەردە تەكرار تىلغا ئېلىنغان. بۇ خىل ئاغرىقنى « balikkti. ئەر بالىقتى — ئەر يارىلاندى.» (2-توم، 165-بەت) دېگەن مەلۇمات بىلەن بىلدۈرۈپ كەلگەن. بۇ سۆزنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ كەلگەن «aggrindi. ئاغرىندى. ئاغرىپ كەتتى. ئاغرىقىدىن قىينالدى. baligg aggrindi. بالىغ ئاغرىندى. يارىدار ئاغرىقىدىن ئازابلاندى.» (1-توم، 334-بەت) دېگەن بايانغا قارىغاندا تۈيۈقسىز يارىلىنىش ئېلىپ كەلگەن جاننى قاقشاتقىدىغان روھى ۋە جىسمانىي ئازابنىڭ دەھشەتلىكىنى بىلىپ يېتەلەيمىز. بالىغ (يارىدار)لارنىڭ يارىسى، جاراھىتى «باش» دەپ ئاتالغان. « bax. باش. يارا، جاراھەت.» (3-توم، 207-بەت). بۇ خىل باش (يارا)لار ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەيدا بولغاندىن كېيىن ئاغرىغۇچىغا ئېلىپ كېلىدىغان ئازابى ھەققىدە مۇنداق بايانلار بار. يەنى: « Titik. ئاغرىق. باش تىتىك تىتتى — يارا بەك ئاغرىدى.» (1-توم، 501-بەت). «Tutti. تۇتتى. باش (يارا) تۇتتى. يارا لۇقۇلداپ ئاغرىدى.» (2-توم، 426-بەت)، «aqidi. ئاچىدى: ئىچدى سىركە ئاچىدى — سىركە ئېچىدى. جاراھەت ئېچىشىپ ئاغرىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.» (3-توم، 345-بەت) دېگەن بayاندا تاياق يارىسىدىن يارىلانغان كىشىنىڭ قاتتىق ئازاب ئىچىدە تولغىنىشىدەك ئېچىنىشلىق ھالىتى ئايان بولسا، «yaldi. يالدى: يالقۇنلىدى. كۆيدۈردى، باش يالدى- يارا كۆيدۈرۈپ ئاغرىتتى.» (3-توم، 85-بەت) دېگەن تەسۋىردىن تىغ يارىسىنىڭ كىشىلەرگە قالدۇرغان ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىسىنى بىلەلەيمىز.

«دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان ھەر خىل يارا جاراھەتلەر توغرىسىدىكى بايانلار شۇ دەۋردە دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئۇرۇش ماجىرادىن تاشقىرى يەنە تەن جازاسىغا ئۇچراش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، «دىۋان»دا تاياق زەخىمىسى توغرۇلۇق « qil. چىل: كۆك. تاياق ئىزى.» (1-توم، 438-بەت). « tap: تاپ: تېرە ياكى تەندىكى تاياق ئىدى.» 198-بەت) قاتارلىقلار. بۇ خىل جازاغا ئۇچرىغۇچىلار بەگلەرنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغانلار، ئوغرىلىق قىلغانلار ۋە باشقىلار بولغان. «دىۋان»دا بەگنىڭ ئوغرىنى جازاغا بۇيرۇپ قاتتىق ئۇردۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا خېلى كۆپ مەلۇماتلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزئارا جېدەل ماجىرالاردىنمۇ تاياق يەيدىغانلار توغرىسىدا « Ursukti. ئۇرسۇقتى. تاياق يېدى.» (1-توم، 322-بەت). دېگەن مەلۇمات بار. بۇلارنىڭ جاراھىتى يەنە «baxk؛ باشىق: جاراھەت» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ خىل جاراھەتلەر داۋالىنىش جەريانىدا يارا ئىغىزىدا شەكىللەنگەن قىتىشما بولسا «kart; قارت: يارا.» (1-توم، 446-بەت) دەپ ئاتالغان. «دىۋان»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا يارا، جاراھەت ھەققىدىكى بايانلاردا تاشقى جاراھەت ۋە ئىچكى جاراھەت دەپ ئىككى خىل يارا، جاراھەت مەلۇم بولىدۇ. ئىچكى جاراھەت ئىششىق ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ بەدەن ئىچىدە ئىششىق، يىرىڭ پەيدا قىلىپ، ئاغرىغان كىشىنىڭ ئەملىنىشى ئۈچۈن مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. «دىۋان»دا ئىچكى يارا جاراھەتلەر « Sīx; سىش: ئىششىق.» (3-توم، 174-بەت) دەپ ئاتالغان.

يۇقىرىدا بىر قاتار تىلغا ئېلىنغان، ئوخشاش بولمىغان ئاتالغۇلار بىلەن ئاتالسىمۇ يەنىلا جاراھەت- يارىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن تۈرلۈك سۆزلەملەرنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ كەلگەن، «دىۋان»دىكى جاراھەت- يارىغا ئائىت بۆلەك جۈملىلەرنى يەنە بىر قاتار رەتلەپ كۆرسەك. جاراھەت- يارىدا كۆرۈلگەن ھەر خىل ئەھۋاللار، شۇنداقلا ئەملىنىشى، (داۋالىنىشى). ئەملىنىش جەريانىدىكى جاراھەت- يارىلارنىڭ ياخشىلىنىشى، بىر قىسىم جاراھەتلەرنىڭ قايتا قوزغىلىشى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئىخچام ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر پۈتۈن بايانلارغا ئېرىشەلەيمىز. بۇ بايانلار

شۇ دەۋردىكى ئەمچىلىك (تېبابەت) ئەھۋاللىرى ھەققىدە
مەلۇم چۈشەنچىلەرگە كېلىشىمىزگە ياردەم رولىنى ئوينايـ
دۇ. ھەرخىل تىغ يارىلىرى ۋە يېقىلىش، تاياق يېيىش سەـ
ۋەبىدىن پەيدا بولغان ئىششىق، جاراھەت ـ يارىلار شۇ
دەۋردە ئەمچىلەر تەرىپىدىن دەسلەپكى قەدەمدە تازىلىـ
نىپ، تېڭىلغان ياكى ئوت (دورا) سۈرتۈلگەن. ئەملەنگەن
turuķti. تۇرۇقتى: ئۆيۈپ قالدى. قان تۇرۇقتى ــ قان
ئۆيۈپ قالدى يارىدا يىرىڭ ۋە سېرىق سۇ يىغىلىپ قالـ
سىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.» (2 ـ توم، 159 ـ بەت)،
«Suvlandi. سۇۋلاندى. شەلۋەردى. يارىنىڭ سېرىق
سۇ يىغىلىپ شەلۋەرگىنىگە ئوخشاش.» (2 ـ توم، 360 ـ
بەت) دېگىنىگە قارىغاندا بۇ خىل ئەھۋال ئاۋۋال ئەمچىـ
لەر تەرىپىدىن يارىلانغىنى ئېنىق بىر قىسىم تىغ يارىلىرى
تازىلىنىپ تېڭىلىشتىن تاشقىرى ئىچكى زەخمە ئىششىقلارنى
ئەملەش ئۈچۈن، يارىنىڭ پىشىپ ئېغىز ئېلىنىشىنى كۈتىدىـ
غان ئەھۋاللارمۇ بولغان. يارىنىڭ ئېغىز ئېلىشىنى ئەكس
ئەتتۈرىدىغان بايانلاردىن مۇنۇلار تىلغا ئېلىنغان.
«ķķapardi. قاپاردى. باش قاپاردى ــ يارا قاپاردى»
(2 ـ توم، 93 ـ بەت)، يارا قاپىرىپ قاتقاندىن كېيىنكى ھالـ
ىتىنى، «ķķartaldi. قارتالدى: سۈيۈلۈپ كەتتى، ئېغىز
ئالدى. ئانىڭ قارتى قارتاندى ــ ئۇنىڭ يارىسى (چاقـ
سى) سويۇلۇپ كەتتى.» (2 ـ توم، 339 ـ بەت). بۇ خىل
يارىلار ئېغىز ئالغاندىن كېيىن ئەمچىلەر ۋە شۇنىڭغا
ئوخشاش كىشىلەر تەرىپىدىن تازىلىنىپ ئوت (دورا) سېپىلـ
گەن. «ķķ azidi. قازىدى: كۆلدى. يارا ۋە شۇنىڭغا
ئوخشاش نەرسىلەرنى كەلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.» (3 ـ
توم، 361 ـ بەت) دېگەن مەلۇمات كۆپرەك ئەمچى ـ ئوتاـ
چىلارنىڭ ئەملەش پائالىيىتىنى كۆرسەتسە كېرەك...
«ئوت باشىغ پۈتتۈردى ــ دورا ئوت يارىنى ساقايتتى.»
(2 ـ توم، 95 ـ بەت) دېيىلگىنى دەل يۇقىرىقىدەك ئۇرۇش
جېدەللەردە زەخىملەنگەن كىشىلەرنىڭ ئەم (داۋا) لىنىش
جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۆزلەمدۇر.

زەخىمگە ئائىت سۆزلۈكلەر

;irinn ئىرىڭ: يىرىڭ. 1 ـ توم، 182 ـ بەت.

Kok. ئايااللارغا چۈشىدىغان داغ. 3 ـ توم، 182 ـ بەت.

alikti. ئالىقتى: چۈشكۈنلەشتى، بۇزۇلدى، يارا شەلـ
ۋەردى. 1 ـ توم، 258 ـ بەت.

Tarindi. تەرىندى، بۇ سۆز يارىنىڭ ساقايغاندىن
كېيىن يەنە قايتىلىشىغا مىسال بولغان. tarsunmak ـ
tarsinur. 2 ـ توم، 349 ـ بەت.

Terisindi. تەرسىندى. ئاچچىقلاندى قايتىلاندى.
باش تەرسىندى ــ باش (يارا) ساقايغاندىن كېيىن يەنە
قايتىلاندى. 2 ـ توم، 349 ـ بەت.

Tamurdi. تامۇردى. قانىدى. ئەر بۇرنى تامۇرـ
دى ـ ئادەمنىڭ بۇرنى قانىدى. 2 ـ توم، 112 ـ بەت.

turukti. تۇرۇقتى. تۇرۇپ قالدى، يىغىلدى، ئۇيىدى،
قان تۇرۇقتى ــ قان ئۇيۇپ قالدى. 2 ـ توم، 159 ـ بەت.

bürķürdi. بۇرقۇردى. پۇرقۇردى. قان بۇرقۇردى ــ
قان پۇرقۇردى. 2 ـ توم، 241 ـ بەت.

yüzdi. يۈزدى: ئۆزدى يېيىلدى، كېڭەيدى،
سويدى. ئىرىڭ يۈزىلدى ــ يىرىڭ بەدەنگە تارقالدى. 3 ـ
توم، 80 ـ بەت.

yuxuldi. يۇشۇلدى: قان يۇشۇلدى ــ قان يارىدىن
پىشقىراپ چىقتى. 3 ـ توم، 105 ـ بەت.

ķanadi. قانادى: بۇرۇن قانىدى. ئادەم بەدىنىنىڭ
ھەرقانداق يېرى قانىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. 3 ـ توم،
373 ـ بەت.

بۇ ئۇچۇرلار شۇ دەۋردىكى تېبابەتچىلىك ئىشلىرىـ
نىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشىنىشـ
ىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بۇ خىل بايانلار
مەھمۇد كاشغەري بىۋاستە تىلغا ئالغان تېبابەتچىلىككە
ئائىت ئۇچۇرلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كونكرېت ھالدا شۇ
دەۋردىكى تېبابەتچىلىك ھەققىدە تايىنىشقا تېگىشلىك مەلۇـ
ماتتىن ئىبارەت. «دىۋان»دىكى تارقاق ھالەتتىكى تېبابەتـ
كە مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى بىر ئورۇنغا توپلاپ كۆرگەنـ
دە «دىۋان»نىڭ شۇ دەۋردىكى تېبابەتچىلىك تەرەققىيات
تارىخىدىن ئۇچۇر بېرىپ تۇرىدىغان بىر قامۇس ئىكەنلىـ
كىنى كۆرەلەيمىز، شۇنداقلا «دىۋان»نىڭ بىر ئۇنىۋېرـ
سال تىل لۇغىتى بولۇشى بىلەن بىللە يەنە تۈركي تىلىنىڭ
ئەڭ نازۇك، ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنىمۇ تەپسىلي چۈـ
شەندۈرۈپ كېلىپ، تۈركي قوۋملىرىنىڭ پۈتكۈل ئىجتىماـ
ئىي تۇرمۇشىنى ھەر تەرەپتىن تولۇق تەسۋىرلەپ كەلگەن
بىر قامۇس ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.


پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. مەھمۇد كاشغەري: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى ئۆيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

2. مەھمۇد كاشغەري: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 2 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى ئۆيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

3. مەھمۇد كاشغەري: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى ئۆيغۇرچە 1 ـ نەشرى.


(ئاپتور: ئۇرۇمچى كەسپي ئۇنىۋېرسىتېتى، پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇرلارنىڭ يوتقان ـ كۆرپە، تەكيە ـ ياستۇقلىرى

ئابدۇقەييۇم مىجىت

**1. يوتقان ـ كۆرپە، تەكيە ـ ياستۇقلارنىڭ پەيدا بولۇشى**

ھەر بىر خەلقنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ شەكىللىنىشى، تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرى ھەققىدە توختالغاندا ئىنسانلاردا قول ھۈنەرۋەنچىلىك قانداق پەيدا بولغان؟ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرىمىز ياسىغان قول ھۈنەر بۇيۇمى نېمە؟ ئىنسانىيەتنىڭ گۆدەكلىك دەۋرى قانداق ئۆتكەن؟ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئىنسانلار قانداق ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغان؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. ئىنسانلار يىغىش، تېرىش، ئوۋچىلىق ۋە باشقا ئۆزىنى قوغداش پائالىيەتلىرى جەريانىدا بەزى قوپال تاش قوراللارنى ياسىغان. بۇ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ بىخلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەقسىتى ھاياتىنى قامداش ئۈچۈن يېمەكلىككە ئېرىشىش ئىدى. ئىنسانلار قورساق تويغۇزۇشتىن باشقا، ئىسسىق ـ سوغۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەككە، يىرتقۇچ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن دالدىلىنىدىغان تۇرالغۇ جايلارغا، قوغدىنىش قوراللىرىغا، بىخەتەر ئۇخلاش، ئارام ئېلىش ئۈچۈن يوتقان ـ كۆرپە، تەكيە ـ ياستۇق قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىغىمۇ ئېھتىياجلىق بولاتتى. ئەڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردە ئىنسانلار كۆكنى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا قىلىپ ياشىغان بولسا، ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشى، تەپەككۇرىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شاخ ـ شۇمبىلىرى، ياپراق، قوۋزاقلىرى ۋە يىلتىزلىرىدىن پايدىلىنىپ، تەبىئەتنىڭ بوران ـ چاپقۇن، ئىسسىق ـ سوغۇقلىرىدىن ئۆزىنى قوغدايدىغان كەپە ئۆيلەرنى، گەمىلەرنى ياسىغان ۋە شۇلاردا ياشىغان، كېيىن يەنە بەدىنىنى يېپىپ تۇرىدىغان چاپان، ئىشتانسىمان يېپىنچىلارنى، ئاستىغا سېلىپ ياتىدىغان يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ئىجاد قىلىشقان. ئوۋچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان مەزگىللەردە ئۇلار ئۆزلىرى ئوۋلىغان ھايۋانلارنىڭ تېرە ۋە يۇڭلىرىدىن ھەر خىل خام تېرە كۆرپە، خام تېرە يوتقان قاتارلىق يېپىنچا، سېپىنچا، سېلىنچا، پۇركەنجە ۋە باغلامچىلارنى

كەشىپ قىلغان. چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىل-
لەردە ئۆزلىرى باققان ئۆي هايۋانلىرىنىڭ يۇڭلىرىدىن يې-
پىنچا، سېلىنچىلارنى ياسىغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتى-
رىلىنىشىچە، «هۇنلار بىر كىگىز ئۆيدە ئاتا-بالا بىللە تۇ-
راتتى، ئوت-چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرەتتى.
شەهەر ۋە مۇقىم تۇرىدىغان جايلىرى يوق ئىدى. جۇۋىنى
يېپىنچا، كىگىزنى سېلىنچا قىلاتتى» (سى ماچيەن (شىنجاڭ
داشۆ ئىلمىي تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ « 24 تارىختىكى
ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنى تاللاپ تەرجىمە
قىلىش گۇرۇپپىسى» تەييارلىغان، «تارىخىي خاتىرىلەر»،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987-يىل 9-ئاي، ئۇيغۇرچە
1-نەشرى، 411-، 391-بەتلەر). بۇ هۇنلارغىلا ئەمەس،
بەلكى بارلىق چارۋىچى خەلقلەرگە ئورتاق بولغان
تۇرمۇش شەكلى ئىدى. چۈنكى كۆچمەن چارۋىچىلىقتا
چارۋىچىلار دائىم كۆچۈشكە توغرا كەلگەچكە، ئېهتىياج-
دىن ئوشۇق يوتقان-كۆرپىلەرمۇ بولمايتتى. كېچە ئىنسان
هاياتىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا ئىنسانلار كېچى-
دە ئۇخلاش، ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۇخلاش،
ئارام ئېلىش ئورنىنىڭ بىخەتەر، ئازادە، پاكىز، راهەت بو-
لۇشىغا ئەهمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلاردىكى «كۈن
كېلەر — كېتەر، ئۆمۈرنىڭ يېرىمى تۈندە ئۆتەر» دەيدى-
غان ماقال بۇنى روشەن ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇەنزاڭ ئۆ-
زىنىڭ كۆرگەنلىرىگە ئاساسەن «تۈركلەر ئۆيىگە ئوت قا-
لايدىكەن، كارىۋات ئىشلەتمەيدىكەن، ئوتتۇن قالىسىمۇ
ئوتنى بەك هۆرمەتلەيدىكەن. ئەمما يەرگە قېلىن سېلىنچا
سالىدىكەن» (ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە 1-قىسىم، 364-
بەت) دەپ يازغان. ئەمما بۇ قېلىن سېلىنچىلارنىڭ رەڭگى
ۋە ماتېرىيالى هەققىدە ئۇچۇر بەرمىگەن. « 24 تارىخ» تا
قاڭقىللارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى هەققىدە سۆزلەپ، «...
قىز كۆچۈرىدىغان كۈنى مېهمانلارنى كۈتۈۋالىدۇ، ... مېه-
مانلارنى قوندۇرۇپ قالىدۇ» (ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇ-
شۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، 46-
بەتتىكى نەقىلدىن) دېيىلگەن. «مېهمانلارنى قوندۇرۇپ
قالىدۇ» دېيىلگىنىگە قارىغاندا، قاڭقىللارنىڭ ئۆيلىرىدە
مېهمانلارنى قوندۇرۇپ قالغۇدەك يوتقان-كۆرپە، يېپىنچا،
سېلىنچىلار بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردا «ئوۋچىلىق ۋە
كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ قالدۇق ئىز-
لىرىنى هازىرمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئېيىق تېرى-
سى، ئىت تېرىسىدىن كۆرپە قىلىش؛ ئوچاق ئالدى، سۇپا
لېۋىگە ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئۆچكە تېرىسى سېلىپ قويۇشقا
ئوخشاش. ئېيىق ۋە ئىت تېرىسىنى رېماتىزمغا داۋا دەپ
ئۇنىڭدىن سېلىنچا ئورنىدا پايدىلىنىشمۇ ئەمەلىيەتتە ئاشۇ
قەدىمكى ئادەتنىڭ داۋامى» (ئابدۇرەهىم هەبىبۇللا:
«ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،
1993-يىل 4-ئاي 1-نەشرى، 167-بەت). ئەجدادلىرى-
مىز ئولتۇراق دېهقانچىلىق ئىگىلىكىگە قەدەم قويغاندىن
كېيىن، كېۋەزلەرنى تېرىپ ئۆزىنىڭ كىيىم-كېچەك، يوتقان-
كۆرپە ۋە تەكىي-ياستۇقلىرىغا پاختا ۋە پاختا رەختلەرنى
ئاساسلىق ماتېرىيال قىلىپ ئىشلەتكەن. ئۇيغۇرلار ئۇزاق
تارىختىن بۇيان، هەر خىل كەشتە، ياستۇق قېپى، يوتقان
تېشى، يوتقان گۈلى، ئورۇن ياپقۇ قاتارلىقلارغا مەشۇت
(پىششىقلاپ تەييارلىنىدىغان نېپىس يىپەك توقۇلما ماتېرى-
يالى)مۇ ئىشلىتىپ كەلگەن. ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ ئۆزگى-
رىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مەزمۇنىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگى-
شىپ ئۇيغۇرلارنىڭ يوتقان-كۆرپە، تەكىي-ياستۇق ۋە
تۆشەكلىرىنىڭ ماتېرىيالى تېرىدىن يۇڭغا، يۇڭدىن پاختىغا
ۋە پاختىدىن باشقا سۈنئىي تالالىق رەختلەرگە قاراپ تە-
رەققىي قىلغان. دىنىي ئېتىقادنىڭ ئۆزگىرىشى يوتقان-
كۆرپىلەرنىڭ ماتېرىيالى ۋە كەشتە نۇسخىلىرىغا بەلگىلىك
دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، «ئۇيغۇرلارنىڭ
ئىسلام ئېتىقادىنىڭ تەسىرىدە ساپ يىپەكتىن قىلىنغان
يوتقان-كۆرپىلەرنى، كارىۋات ئۈستى بۇيۇملىرىنى ئىشلى-
تىشتىن پەرهىز قىلىدۇ. بولۇپمۇ بۇنداق يوتقان-كۆرپىلەر-
دە ئەرلەر ياتمايدۇ» (ئەنۋەر سەمەت قورغان: «ئۇيغۇر-
لاردا پەرهىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىل
12-ئاي 1-نەشرى، 258-بەت). بۇ ماهىيەتتە ئەرلەرنىڭ
يىپەك كىيىم كىيمەسلىك پەرهىزى بىلەن ئوخشاش. يەنە
مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئىسلام ئېتىقادىدىن كەلگەن سۈرەت
بار ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ، دەيدىغان ئەقىدە بويىچە
ئۆيىدىكى يوتقان-كۆرپە، تەكىي-ياستۇقلاردا ئىت،
مۈشۈك ۋە باشقا هايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرىنىڭ بولۇشىنى خا-
لىمايدۇ. شۇڭا ئۇلارغا جانلىقلارنىڭ سۈرىتى كەشتىلەنمەي-
دۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە يوتقان-كۆرپە، تەكىي-ياستۇق-
لارغا هارام جانلىقلارنىڭ تېرە-يۇڭلىرىنى ئىشلەتمەيدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۇزاق زامانلار مابەينىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يوتقان-كۆرپە، تەكيە-ياستۇقلىرىنىڭ شەكلى بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، سىيدامىلىقتىن رەڭدارلىققا قاراپ تەرەققىي قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ يوتقان-كۆرپە، تەكيە-ياستۇقلىرى يەڭگىل، ئىسسىق، راھەت، نەپىس كۆركەم، سۈپەتلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مۇھىم ئۆي بىساتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئائىلىلەردىكى چىرايلىق زىننەت بۇيۇمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەممە ئۆيلەردە ئادەم بېشىغا بىردىن يوتقان-كۆرپە، تەكيە-ياستۇق بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يوتقان-كۆرپىلىرى تىكىلىشىنىڭ سىپتا، شەكلىنىڭ ۋە رەڭگىنىڭ كۆركەم، نەپىسلىكى بىلەن ئۆيگە زىننەت بېغىشلايدۇ. ئادەمگە ئىستېتىك زوق ئاتا قىلىدۇ. تەكيە-ياستۇقلارنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىكى كىشىلەرنىڭ يېتىپ ئارام ئېلىشتىكى ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان. ئومۇرتقۇلۇق جانلىقلار ئىچىدە ئادەم بىردىنبىر ئوڭدا يېتىپ ئۇخلىيالايدىغان جانلىق. ئادەم ئۇخلىغاندا باش تەرىپى بەدىنىنىڭ باشقا يەرلىرىدىن سەل ئېگىز تۇرمىسا بىئارام بولىدۇ. تەكيە-ياستۇقلار شۇ سەۋەبتىن ئىجاد قىلىنغان. كەچلىكى ئۇخلايدىغان ۋاقىتتا يوتقان-كۆرپىلەرنى سېلىش (خوتەندە «جاي سالماق» دەپ ئاتىلىدۇ)، ئەتىگىنى يىغىشتۇرۇش كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش پائالىيىتىدىكى مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندە بىز يوتقان-كۆرپە ۋە تەكيە-ياستۇقلارنىڭ تۈرى، شەكلى، تىكىلىشى، ئىشلىتىلىشى، كەشتىلىنىشى، رەڭگى، ساقلىنىشى، تازىلىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئورنى ۋە رولى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

### 2. يوتقان

يوتقان — ئۇخلىغاندا يېپىنىش ئۇچۇن رەختتىن ئەنلەپ، ئارىسىغا پاختا قويۇپ تىكىلىدىغان تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇپ، «يېپىنچا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يوتقاننىڭ تېشى چىرايلىق، گۈللۈك نەپىس رەختلەردىن، ئەستىرى پىششىق، كىر كۆتۈرۈشلۈك رەختلەردىن قىلىنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يوتقان «يوغۇرقان» دېيىلگەن. مەسلەن، «دىۋان» دا «يوغۇرقان — يوتقان »(73-3)؛ «ئەشۇلدى — يېپىلدى. ئانىڭ ئۆزە يوغۇرقان ئەشۇلدى — ئۇنىڭ ئۈستىگە يوتقان يېپىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (1-265)»؛ «ئەشۇكلىك. ئەشۇكلىك بارچىن — يېپىنچا تەييارلىنىدىغان تاۋار(207-1)»؛ «ئەشۇتتى — ياپتۇردى. ئۇ ماڭا يوتقان ياپتۇردى. بىر كىمنىڭ ئۈستىگە بىر نەرسە يېپىشنى بۇيرۇشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (1-282)»؛ «ئەشۇدى — ياپتى. ئۇ ئۇنىڭغا يوتقان ياپتى. ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە بىر نەرسە ياپسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (347-3)»؛ «دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىۋى كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىدە بىر-بىرىنىڭ ئۈستىگە يوتقان يېپىپ قويۇشتەك كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق كۆرسىتىش ئادەتلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ. يوتقان تېشى گۈللۈك، نەپىس رەختلەردىن، ئەستىرى سىيدام رەختلەردىن تەييارلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئادەتتە «يوتقان ئۈستىدە يېتىشتىن، ياتقاندا يوتقاننىڭ ئوڭ-تەتۈرى ئالمىشىپ قېلىشتىن، باش-پۇت تەرىپى ئالمىشىپ قېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. خەلق ئىشەنچىسىدە، كىشى ناۋادا يۇقىرىقىدەك ئەھۋالنى سادىر قىلسا، ئۇنىڭ ئىشى تەتۈرگە ماڭارمىش، ياخشى ئىش قىلسا يامان نەتىجىگە ئېرىشەرمىش. بۇ قاراشلاردا يوتقاننى پاكىز تۇتۇش، ئاسراش مەقسەتلىرىدىن باشقا يەنە مەلۇم دەرىجىدە سېھرىي قاراش گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ» (ئەنۋەر سەمەت قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، 259-بەت).

ئۇيغۇر تىلىدا «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن»، «يوتقاننىڭ تېشىدىن بولغان بالا» دېگەندەك ماقال-تەمسىللەر ۋە ئىدىيوملار بار.

### 3. كۆرپە

كۆرپە — ئولتۇرغاندا، ياتقاندا ياكى ئۇخلىغاندا ئاستىغا سېلىش ئۈچۈن رەخت ئارىسىغا پاختا سېلىپ ياسالىدىغان تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇپ، «سېلىنچا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يېتىش ئۈچۈن سېلىنغان ئورۇن-كۆرپىلەر «تۆشەك» دەپ ئاتىلىدۇ. «دىۋان» دا «كۆپسۈن — كۆرپە، تۆشەك» (570 — 1). ياپغۇت-يۇڭ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر سېلىنىپ تىكىلگەن تۆشەك، كۆرپە» (50 — 3) «يازىم — كۆرپە، تۆشەك. تولۇگ يازىم — يۇڭلۇق كۆرپە (23 — 3)»؛ «ياتتۇردى — يايدۇردى؛ تارقاتقۇزدى. ئۇ ئۇنىڭغا تۆشەك يايدۇردى (127 — 3)»؛ «تۆشەكلىك — تۆشەكلىك. تۆشەكلىك بارچىن — تۆشەكلىك تاۋار. تۆشەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە (يوتقان-

كۆرپە) تىكىش ئۈچۈن تەييارلانغان يىپەك رەخت. ئاخىرى يۇمشاق ‹ك› بىلەن كەلسە، ‹تۆشەك ئىگىسى› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ (662 — 1)» دەپ خاتىرىلەنگەن. رىشات گەنج «‹دىۋانۇ لۇغەتتىن تۈرك›تىن 11 - ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر» ناملىق كىتابىدا ‹تۈلۈگ يازىم› دېگىنى ‹تۈكلۈك كۆرپە› دېگەنلىك بولۇپ گىلەمنى كۆرسىتىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەمما «دىۋان»نىڭ ئۇيغۇرچە 1 - نەشرىنىڭ 3 - تومىدا بۇنى «يۇڭلۇق كۆرپە» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەجدادلىرىمىز چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلى قىلىپ ياشىغان زامانلاردا ئۇلارنىڭ يېپىنچا، سېلىنچىلىرى ئاساسەن يۇڭدىن ياسالاتتى. ئەلىشىر نەۋايى:

«چۈن تۆشەرلەر ئاقىبەت ئۇستۇڭگە خارا بىرلە فەرش،

نى ئاسىغ ئاستىڭدا گەر چەرخ ئەتلەسدىندۇر فىراش.

مەنىسى:

ئۇستۇڭگە ئاخىر تاش - تۇپراق چۈشىدىغان تۇرسا، ئەگەر ئاستىڭدا چەرخ ئەتلىسىدىن كۆرپە سېلىنغان بولسىمۇ ئۇنىڭ نېمە پايدىسى؟» دېگەن مىسرالارنى قالدۇرىدۇ. بۇنىڭدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە «كۆرپە» سۆزى بىلەن «فىراش» سۆزىمۇ يانداش ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. «تۆشەك» سۆزى ھازىرمۇ بەزى شېۋىلەردە ئىشلىتىلمەكتە. مەسىلەن، بۇ سۆز قومۇل شېۋىسىدە ھازىرمۇ بار. بۇ سۆز قوشاقتا مۇنداق كەلگەن:

يۇقىرى بېقىپ ئاينى كۆردۈم، چەرخى پەلەكتە.

تۆۋەن بېقىپ يارنى كۆردۈم، مەخمەل تۆشەكتە.»

(غۇلام غوپۇرى تۈزگەن: «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل 1 - ئاي، 1 - نەشرى، 77 - بەت). چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكلىرى ئىچىدە «بىستەر» سۆزىمۇ «ئورۇن، كۆرپە - ياستۇق» [ئەلىشىر ناۋايى (تېيىپجان ئېلىيېف نەشرگە تەييارلىغان)، «لەيلى - مەجنۇن»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى، 540 - بەت] دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن. ئادەتتە سېلىپ ياتىدىغان كۆرپىلەر بىلەن مېھمانلىق كۆرپىلەر پەرقلىنىدۇ. كۆرپىنىڭ تېشى، ئەستىرى پىششىق، كىر كۆتۈرۈشلۈك رەختلەردىن قىلىنىدۇ. كۆرپىنىڭ چۆرىسىگە زىغزىق تۇتۇلىدۇ ياكى شوخ، رەڭلىك يىپتا ھەر خىل نۇسخىلار چۈشۈرۈلگەن قارا رەخت تۇتۇلىدۇ. يوتقان ئەستىرى بىلەن تېگى ئوتتۇرىسىدىكى پاختىنىڭ بىر يانغا يىغىلىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆرپە بويىسىرى ئىككى - ئۈچ يەردىن سىيرىلىدۇ. مېھمان ئۈچۈن ئادەتتە سۆكىنىڭ (سۇپىنىڭ) ئۈستىگە سېلىنغان زىلچا - گىلەم، كىگىزلەرنىڭ ئۈستىگە ئېسىل كۆرپە سېلىنىدۇ. كۆرپىنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى سېلىپ ياتىدىغان كۆرپە، يىكەنداز (مېھمان كۆرپىسى)، بۆشۈك كۆرپىسى، يۆگەك، ھارۋا كۆرپىسى ۋە كېسەل كۆرپىسى (تېرىق كۆرپىسى)... قاتارلىقلار بار.

(1) سېلىپ ياتىدىغان كۆرپە — ئۇخلاش، ئارام ئېلىش ئۈچۈن دائىم ئىشلىتىلىدىغان كۆرپىلەر بولۇپ، ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلىتىلىدۇ، ئۈستىگە كىرلىك سېلىنىدۇ. قىبلىنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن يېتىش كۆرپە سالغاندا كۆرپىنىڭ پۇت تەرىپىنى قىبلە (غەرب) تەرەپكە قارىتىپ يېتىشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. «دىۋان»دا «يازسادى — يايغۇسى كەلدى، سالغۇسى كەلدى، ئۇل تۆشەك يازسادى — ئۇنىڭ تۆشەك سالغۇسى كەلدى، تۆشەك سالاي دېدى» (3 — 416، 417)؛ «يازىشدى — يېيىشتى، سېلىشتى. ئۇ ئۇنىڭغا تۆشەك (ئورۇن) سېلىشىپ بەردى. مۇشۇ ئىشتا بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ» (93 — 3)؛ «تۆشەدى — تۆشىدى، سالدى. تۆشەك سالدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (364 — 3)؛ «ياتۇردى — ياتقۇزدى، تارقاتقۇزدى. ئۇ ئۇنىڭغا تۆشەك ياتقۇزدى» (127 — 3)؛ دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئانىلار تۆشەك سالغاندا قىز - كېلىنلەر ياردەملىشىدىغان ئادەت ھازىرمۇ ئائىلىلەردە داۋاملاشماقتا.

(2) يىكەنداز — ئاستىغا سېلىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئادەتتىكى كۆرپىلەردىن بىر ھەسسە ئۇزۇن قىلىپ، چۆرىسىگە زىغزىق تۇتۇپ تىكىلىدىغان كۆرپىلەر بولۇپ، يىكەنداز ئادەتتە ئۆينىڭ تۆرىگە سېلىقلىق تۇرىدۇ. «ھەر بىر ئۆيدە يەنە ئۆينىڭ كەڭ - تارلىقىغا لايىق كەلگۈدەك ئۈچ - تۆت مېتىرلىق يىكەندازلار بولىدۇ. يىكەندازلار ئومۇمەن مېھمانلارنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن سېلىنىدۇ. كۆرپە ياكى يىكەنداز سالغاندا ئىككى ئۈچى قاتلانغان تەرىپى تام تەرەپكە ياكى ئۆينىڭ ئىچكى تەرىپىگە قارىتىپ سالمايدۇ، بەلكى ئىشىك تەرەپكە ياكى داستىخان تەرەپكە قارىتىپ سالىدۇ» (ئەنۋەر سەمەت قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى، 259 - بەت). يىكەنداز ئادەتتە «مېھمان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كۆرپىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چاقىرىلغان ياكى چاقىرىلمى-
غان مېھمانلارنىڭ ھەممىسىگە كۆرپە سېلىش مېھمانغا
بولغان ھۆرمەت، ئىززەت-ئىكرام دەپ قارىلىدۇ، «ئۇيـ-
غۇرلار مېھماندوست كەلگەچ ھەر بىر ئائىلىدە مۇمكىنقە-
دەر بىر-ئىككى كىشىلىك، ھېچ بولمىغاندا بىر كىشىلىك
مېھمانلىق يوتقان-كۆرپە قىلىپ قويۇش ۋە ئادەتتىكى
كۈنلەردە كېلىپ-كېتىدىغان مېھمان، يارۇ-بۇرادەرلەرنىڭ
ئاستىغا سېلىشقا ئاتاپ مەخسۇس كۆرپە قىلىپ قويۇش ئو-
مۇميۈزلۈك بىر ئادەت» (ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر
ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىل
4-ئاي 1-نەشرى، 168-، 169-بەتلەر). ئۇيغۇرلار ئۆيـ-
گە كىرگەن ھەرقانداق بىر كىشىنى ھۆرمەت بىلەن كۆرپە
ئۈستىگە باشلايدۇ. مېھمانلار كۆرپە، يەكەندازلارنىڭ
ئۈستىگە چوقۇم ئاياغ كىيىمنى سېلىۋېتىپ ئاندىن چىقى-
دۇ.

(3) بۆشۈك كۆرپىسى — بۆشۈك ئىچىگە سېلىنىدى-
غان، ئىچىگە پاختا ياكى يۇمشاق سامان ئېلىپ كۆلتۈك
تۆشۈككە توغرىلاپ تۆشۈكلۈك قىلىپ تىكىلگەن كۆرپە،
بۇ «ئۇدا»، «ئودا» (ئەسلي «ئوردا» دېگەن سۆزدىن
كەلگەن) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۆشۈك كۆرپىسى ئۇزۇنلۇقى
بىر مېتىر، كەڭلىكى 80 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.
بۆشۈك كۆرپىسى يازلىق، قىشلىق ئىككى خىل بولۇپ،
بەزىدە بۆشۈكنىڭ ئۈستىنى چۈمكەش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلى-
دۇ. بۆشۈك تويى بولىدىغان بوۋاقتا ئىككى دانە پاختىلىق
كۆرپە، قولتاتقۇ، يۆگەك، تىزلىق، كىچىك ياستۇق،
يوپۇق، جوغا قاتارلىق بۆشۈك جابدۇقلىرى ھازىرلىنىدۇ.
ئۇزۇنلۇقى 65 — 70 سانتىمېتىر، ئېنى 45 — 50 سانتىمې-
تىر ئەتراپىدا بولغان ياپقۇ تەييارلىنىدۇ. بۇ قول تارتقۇنىڭ
ئۈستىدىن، بالىنىڭ ئېڭىكى ئاستىدىن پۇت ئۇچىغىچە يېپى-
لىدىغان مەخسۇس تىكىلگەن ئەستەر تاش (ئىككى قەۋەت)
كۆرپە بولۇپ، قىشلىقى پاختىلىق تىكىلىدۇ. جاك تۇمىقى-
نىڭ تۆت تەرىپىگە 15 سانتىمېتىر كىۋادرات چوڭلۇقتا
تۆت دانە تىز ياستۇق قويۇلىدۇ. ئۈستىگە بۆشۈكنىڭ
چوڭلۇقىغا جاكقا ئۇدۇل قىلىپ تۆشۈككە قويۇپ تىكىلـ-
گەن «ئوردا» دەپ ئاتىلىدىغان پاختىلىق كۆرپە قويۇلـ-
دۇ. ئودىنىڭ ئۈستىگە ئىككى پارچە يۇمشاق پاختىلىق
كۆرپە سېلىنىدۇ ۋە زاكا بىلەن ئورىلىدۇ، باش تەرىپىگە
بوۋاققا ماس كېلىدىغان كىچىك ياستۇق قويۇلىدۇ.

(4) يۆگەك — بوۋاقلارنى يۆگەيدىغان ياكى ئاستىغا
سالىدىغان كىچىك كۆرپىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بوۋاقنى يۆ-
گەيدىغان ياكى ئاستىغا سالىدىغان لاتىلار «زاكا» دەپ
ئاتىلىدۇ. زاكا يۆگەكنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. «دىۋاندا
«ئاچىندى... بۆشۈكتىكى بالىنىڭ يۆگىكى، كېسەل ياتقان
كىشىنىڭ يېپىنچىسى ئېچلىسمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (ئا-
چىنۇر — ئاچىنماق» (268 — 1) دېيىلگەن.

(5) هارۋا كۆرپىسى — ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى
قاتناش قوراللىرى بولغان ھارۋىلارغىمۇ كۆرپە سېلىناتتى.
ئات ھارۋىسى، ئېشەك ھارۋىسى، كالا ھارۋىسى ۋە مەپە
قاتارلىقلارغا ھارۋا چوڭلۇقىدا مەخسۇس كۆرپە تەييارلى-
نىپ ھارۋا بىلەن سەپەرگە چىققاندا سېلىنىدۇ.

(6) ئېگەر كۆرپىسى — ئات، ئېشەكلەرنىڭ ئېگىرى-
نىڭ ئۈستىگە سېلىنىدىغان كۆرپە بولۇپ، ئېگەرنىڭ قاتتىق-
لىقى ئادەمگە ئۆتۈپ كېتىشىدىن ساقلاش رولىنى ئوينايـ-
دۇ. ئېگەر كۆرپىسى ئادەتتە ئايالچە ۋە ئەرەنچە دەپ
ئايرىلىدۇ. ئەرەنچىسى كۆك، قارا رەڭلەردە، ئايالچىسى
قىزىل، يېشىل رەڭلەردە بولىدۇ. ئېگەرنىڭ ئۈستىگە ئۈچ
قاتلاپ سېلىنىدۇ.

(7) كېسەل كۆرپىسى — ئادەتتە كېسەل كىشىلەر
ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلىنىدىغان كۆرپىلەر بولۇپ،
بۇلارنىڭ ئىچىدە تېپىكرەك بولغىنى تېرىق كۆرپىسىدۇر.
«تېنى ئاجىز، ئۇزاق ۋاقىت ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان
كىشىلەردە، ساغرا قىسمىنىڭ دائىم بېسىلىپ تۇرۇشى، قان
ئايلىنىش ياخشى بولماسلىقى ۋە كۆرپىنىڭ يالىشى نەتىجى-
سىدە ياتاق يارىسى كېلىپ چىقىدۇ، بۇ ئاسان ساقايمايدى-
غان جاھىل كېسەلدۇر. ئەستەر-تەگ ئارىسىغا تېرىق ياكى
زىغىر ئېلىنغان كۆرپە تىكىپ، بۇنداق كېسەللەرنىڭ ساغرى-
سى ئاستىغا سېلىپ بېرىلسە، تېرىق ياكى زىغىر بەك
سىلىق بولغاچقا، ئاسانلا يۇرۇشۇپ كۆرپە كېسەل كىشى-
نىڭ ئۇستىخان شەكلىگە ماسلىشىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستى-
گە بۇلارنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈش، زىيادە نەملىكنى تارتىش
رولى بولغانلىقتىن، ياتاق يارىسىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.»
(مۇھەممەد ئىمىن سابىر: «ئۇيغۇر ئاۋام تېبابىتىدە ئۇگۈت-
پەرھىزلەر»، «مىراس»، 2012-يىل 1-سان، 44-بەت.)
تېرىق كۆرپىسى پەقەت شۇنىڭغا ئېھتىياجلىق بىمار كىشى
بار ئۆيلەردە مەخسۇس ياسىلىدۇ. تۆگە يۇڭى سېلىنغان
يوتقان-كۆرپىلەر ئىسسىق، يېنىك، يۇمشاق بولۇپ، پۇت،

قول ۋە بەل ئاغرىقلىرىغا داۋا بولىدۇ. تۈرلۈك رەڭدىكى رەختلەردىن ياسالغان كۆرپىلەر «ئالىقۇراق كۆرپە» دەپ ئاتىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئائىلىلەردە مېھمانلارنى سافا ۋە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىش ۋە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۇستەلدە تاماق يېيىشنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، مېھمانلارنى كۆرپىگە باشلاش، كۆرپە سېلىپ ئولتۇرۇپ غىزالىنىش ئادەتلىرى شەھەرلەردە نىسبەتەن سۇسلاشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەنئەنىۋى ئادەت يېزا-قىشلاقلاردا يەنىلا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلاردا كۆرپىگە مۇناسىۋەتلىك «كۆرپە سالسا تىز ئۇيۇشار، داستىخان سالسا يۈز»، «كۆرپە سېلىش ھۆرمەت، داستىخان سېلىش ھىممەت»، «كۆرپىگە بەرگۈسىز تېرە بار، ياشقا بەرگۈسىز قېرى»... دېگەندەك ماقال-تەمسىللەر بار.

**4. تەكىي-ياستۇقلار**

تەكىي — ئېچىگە توزغاق، سامان، ماموق، پاختا... قاتارلىق يۇمشاق نەرسىلەر سېلىنىپ تەييارلىنىدىغان تولۇق شەكىللىك ياستۇق بولۇپ، ياتقاندا، ئۇخلىغاندا باش ئاستىغا قويۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. «دىۋان»دا «ياستۇق — ياستۇق» (57—3) «ياستادى — يۆلىدى، قويدى، دارىتمىلىدى. ئۇ ئۇنىڭغا ياستۇق يۆلىدى» (3—413-، 414) دەپ خاتىرىلەنگەن. تەكىي-ياستۇقلارنىڭ ئىككى بېشىغا تۈرلۈك چاشما، كەشتىلەر كەشتىلىنىدۇ. ياستۇق قاپلىرىغا چىرايلىق گۈل نۇسخىلىرىدا كەشتە ئىشلىنىدۇ. ئادەتتە تەكىي - ياستۇقلار كىرلىشىپ قالسا يۇيۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن تەكىي قېپى، ياستۇق قېپى ئىشلىتىلىدۇ. تويى بولىدىغان قىز-يىگىتكە ئاتاپ مەخسۇس كەشتىلەنگەن تويلۇق تەكىي-ياستۇق تەييارلىنىدۇ. «ئۇيغۇرلار يوتقان-كۆرپە ۋە ياستۇق-تەكىيلەرنى دائىم ئىشلىتىدىغان، ئۇلۇغلاشقا تېگىشلىك نەرسە دەپ قاراپ، ئادەتتە تەكىي ۋە ياستۇقتىن ئاتلاپ ئۆتمەيدۇ، ئۇلارنى بېسىپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇ باشقا قويىدىغان نەرسە بولغاچقا، تەكىيدە ئولتۇرسا پۇتى ئاغرىيدىغان بولىدۇ، لېۋىگە قوقاق چىقىدۇ دەپ جورۇيدۇ» (ئەنۋەر سەمەت قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، 258-، 259-بەتلەر). خەلق ئىچىدە «تۆگە يۇڭى سېلىنغان ياستۇق باشقا قويۇلسا قارا باسمايدۇ» دەيدىغان ئىشەنچ بار. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارغا بېشىنىڭ دوقا باش، دوقا ماڭلاي بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارغا بۇغداي ياكى تېرىق سېلىنغان تەكىي-ياستۇقلارنى تىكىپ بېرىدۇ. بۇ «بالا تەكىي»، «بالا ياستۇق» دەپ ئاتىلىدۇ. خوتەن دىيالېكتىدا ياستۇق «پەيقۇ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئاتا-بوۋىلىرىمىزدا ئۆزىنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش، تەڭگە-تىللا، يامبۇ-ئاقچىلىرىنى تەكىي-ياستۇقلارنىڭ ئىچىگە سېلىپ بېشىدا قويۇپ يېتىپ ساقلايدىغان ئادەتلەرمۇ بولغان بولۇپ، ھازىرقى باشقا قويۇپ ياتىدىغان ياستۇق بىلەن ئەنئەنىۋى پۇل بىرلىكى بولغان «ياستۇق» نىڭ مەنە جەھەتتە بەلگىلىك باغلىنىشى بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، ئەجدادلىرىمىز ئۈچۈن تەكىي-ياستۇقلار پەقەت باشقا قويۇپ يېتىش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم بولماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ساقلايدىغان بىخەتەر جاي بولۇش رولىنى ئوينىغان. مېھماندارچىلىقتا ساھىبخانا مېھمانلارنىڭ راھەت ئولتۇرۇشى ئۈچۈن ئۇڭ ياكى سول يېنىغا ياكى ئارقا تەرىپىگە تەكىي-ياستۇقلارنى يۆلەپ قويىدۇ. كىشىلەر بەزىدە ئۆزلىرى ئۆيلىرىدىمۇ شۇنداق ئولتۇرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «ياستۇقى يامان ئۇيقۇغا قانماس»، «بىر ياستۇققا باش قويغان» دەيدىغان ماقال-تەمسىل ۋە ئىدىيوملار بار.

**5. يوتقان-كۆرپە، تەكىي-ياستۇقلارنىڭ كەشتىلىنىشى**

ئۇيغۇرلارنىڭ يوتقان-كۆرپە، تەكىي-ياستۇق، يوتقان قېپى قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا كەشتە ئىشلىنىدۇ. ياستۇقلارغا، لىمتاق ياپقۇچلىرىغا ئىلمە ئېلىنىدۇ. يوتقان-كۆرپە قېپى، ياستۇق قاپلىرىغا گۈل، بولۇپمۇ ئەتىرگۈللەر كۆپرەك كەشتىلىنىدۇ. كەشتىلەنگەن ئەتىرگۈلنىڭ سانى كۆپ ھاللاردا جۈپ بولىدۇ. «دىۋان»دا «ئۆككۈك — پوپۇك. تەكىينىڭ بېشىغا بېكىتىلىدىغان يىپەك جالا» (183—1) دەپ خاتىرىلەنگەن. «يوتقان-كۆرپە كەشتىسى يوتقان تېشىنىڭ رەڭگى ۋە كەشتە نۇسخىسى يوتقان ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تاللىنىدۇ. باللارغا نىسبەتەن رەڭ تونۇتۇشنى مەقسەت قىلىپ ئىشلەتكەن رەڭلىك يىپلار بىر قەدەر كۆپ بولىدۇ. ياش يىگىت-قىزلارغا بولسا شوخ، مۇھەببەتكە سىمۋول قىلىنغان گۈللەرنىڭ نۇسخىلىرى كەشتىلىنىدۇ. ياشانغانلارغا ئاددىي گۈل-چېچەكلەر ۋە دىنىي تۈس ئالغان كەشتە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇسخىلىرى كۆپرەك كەشتىلىنىدۇ. مېھمانغا سېلىنىدىغان يوتقان-كۆرپىلەرگە بىر قەدەر ئېسىل كەشتىلەر ئىشلىنىپ، شاھانە تۇس بېرىلىدۇ. بۇ مېھمانغا بولغان ھۆرمەتنى بىلدۈرىدۇ» (ئەكبەر داۋۇت تەنھايى: «كەشتىچىلىك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 94-، 95-بەتلەر). يوتقان-كۆرپە، تەكيە-ياستۇقلارنى كەشتىلەش، بولۇپمۇ ياستۇقلارنى كەشتىلەش ئۇيغۇر كەشتىچىلىكىدىكى مۇھىم تۈرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. يوتقان-كۆرپە، تەكيە-ياستۇقلارنىڭ رەڭگى ۋە كەشتىسى ئۆي بېزەش ئادىتى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك.

**6. يوتقان-كۆرپە، تەكيە-ياستۇقلارنىڭ سوۋغات قىلىنىشى**

يوتقان-كۆرپە، تەكيە-ياستۇقلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆمۈر مۇراسىملىرىدا مۇھىم ۋە ئەتىۋارلىق سوۋغات بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندە بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى، ئۇيغۇرلاردا ئوغۇل بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە سۈننەت قىلىنىدۇ، بالىنىڭ سۈننىتىنى قىلىشتىن بۇرۇن ئاتا-ئانىسى بالا ئۈچۈن يېڭىدىن يوتقان-كۆرپە تەييارلايدۇ.

ئىككىنچى، نىكاھ تويى قىلىدىغان قىز-يىگىت ئۈچۈن بىر يۈرۈش يېڭى يوتقان - كۆرپە سوۋغات قىلىنىدۇ. توي كۈنى كېچىسى مېھمانلار تارقىغاندىن كېيىن، يەڭگە تويى بولغان قىزغا ياردەملىشىپ ئورۇن-كۆرپە سېلىشىپ، تەرەتلىككە سۇ ئەكىرىپ، قىزغا تاپىلاشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تاپىلاپ چىقىپ كېتىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۆي ئايرىغان، يېڭى ئۆيگە كۆچكەن، يېڭى ئۆي سالغانلىقنى تەبرىكلەش، مۇبارەكلەش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۆي مۇبارەكلەش («ئۆي قۇتلۇقلاش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مۇراسىمىدىمۇ يوتقان-كۆرپە، تەكيە-ياستۇقلار سوۋغا قىلىنىدۇ.

**7. يوتقان-كۆرپە، تەكيە-ياستۇقلارنى ساقلاش**

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرگەندە، تام ئويۇقلىرىغا (يەنى، مەرەپ، لىمتاقلارغا ) چىرايلىق تىزىپ قويۇلغان ھەر خىل يوتقان-كۆرپىلەر كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. «دىۋان» دا «يۇدرۇك ـــ ئۈستىگە كىيىم-كېچەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى تىزىپ قويىدىغان لىمتاق، مەرەپ » (60ـــ3) دېيىلگەن. «ئۇيغۇرلار ئورۇن-كۆرپىنى ئۆينىڭ تۆر تېمىغا مەخسۇس چىقىرىلغان لىمتاق، يەنى چوڭ ئويۇققا چىرايلىق قاتلاپ يىغىدۇ. بۇنداق مەخسۇس لىمتاق چىقىرىلمىغان ئۆيلەردە بولسا، ئۆينىڭ تۆر تېمىنىڭ بۇلۇڭ تەرىپىگە يىغىپ تەكيە-ياستۇقلارنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تىزىپ قويىدۇ» (ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىل 4-ئاي 1-نەشرى، 168-بەت). بەزى جايلاردا يوتقان-كۆرپىلەر ئاسقۇغا ئېسىپ ساقلىنىدۇ. «ئاسقۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى قومۇچ ساتمىلاردا ئولتۇرغان چارۋىچىلار يوتقان-كۆرپىلىرىنى ئارتىپ قويىدىغان ئاسقۇ. بۇ ئاسقۇنىڭ ياسىلىشى مۇنداق بولىدۇ. ئالدى بىلەن ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر كەلگىدەك ئارغامچا بىلەن تۆت مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بادىرا ياغاچ تەييارلىنىدۇ. ئارغامچىلار ئۆيگە سېلىنغان چەنزىلەرگە ئارىلىق قالدۇرۇپ، ئىككى قاتلاپ باغلىنىدۇ. تەييارلانغان بادىرا ياغاچنىڭ بىر ئۇچى بىر ئارغامچىغا، يەنە بىر ئۇچى ئىككىنچى ئارغامچىغا ئۆتكۈزۈپ قويۇلىدۇ، ئۇ ساڭگىلاپ تۇرغان ھالەتتە بولىدۇ. يوتقان-كۆرپە ئارتىپ قويۇلىدىغان ئاسقۇ ئاشۇنداق بولىدۇ» (كېرەم سۇلايمان: «لوپنۇر دىيالېكتىدىكى چارۋىچىلىقتا قوللىنىلىۋاتقان بەزى ئىسىملار توغرىسىدا ئىزاھات»، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى لوپنۇر ناھىيەلىك كومىتېتى تۈزگەن: «لوپنۇر تارىخ ماتېرىياللىرى» 8-قىسىم، 2012-يىل 7-ئايدا بېسىلغان، 196-بەت). يەنە بەزى جايلاردا يوتقان-كۆرپىلەر كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە ياكى ساندۇقنىڭ ئۈستىگە قاتلاپ تىزىپ قويۇلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يوتقان-كۆرپە، تەكيە-ياستۇقلىرى پەقەت ئارام ئېلىش، ئۇخلاش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلمەستىن، بەلكى ئۆينى بېزەش رولىنىمۇ ئوينايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان زامانىۋى بىناكارلىق مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆيلەرنىڭ فۇنكسىيەسىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئۆي ئىچىدە مەخسۇس «ياتاق ئۆي» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇخلاش ئۆيى بولۇپ، يوتقان-كۆرپە، تەكيە-ياستۇقلار شۇ «ياتاق ئۆي» دە رەتلىنىپ ساقلىنىدىغان بولدى، «دىۋان» دا «ياتاق ئۆي» ئاتالغۇسى تىلغا ئېلىنغان.

**8. يوتقان-كۆرپە، تەكيە-ياستۇقلارنىڭ تازىلىقى**

ئۇيغۇرلاردا يوتقان-كۆرپە، تەكيە-ياستۇقلارنىڭ تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئۇلارنى ئىككى-ئۈچ ئايدا، ھېچ بولمىغاندا بىر پەسىلدە بىر قېتىم سوكۇپ

قايتىدىن تىكىدۇ. جۇمە كۈنى ئۇلۇغ كۈن بولغاچقا، بۇ كۈندە چاڭ- توزان چىقىرىش ياخشى ئەمەس دەپ قاراپ، يوتقان- كۆرپىلەرنى جۇمە كۈنى قاقمايدۇ. يوتقان- كۆرپىلەرنى پات- پات ئاپتاپقا سېلىپ تۇرىدۇ. ۋاقتىدا يۇيۇپ، يوتقان- كۆرپىنىڭ كىرلىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىگە كىرلىك سېلىنىدۇ، يوتقانلار يوتقان تېشى (قېپى) بىلەن تاشلىنىدۇ. بەزى كىچىك باللار ئۇخلىغاندا كۆرپىگە سىيىپ سالىدۇ. شۇڭا كىچىك باللارنىڭ يوتقان- كۆرپىلىرىنىڭ سۈيدۈك پۇراپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كۆپرەك يۇيۇلىدۇ ۋە ياز كۈنلىرى كۈندە دېگۈدەك ئاپتاپقا سېلىنىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئائىلىدىكى ئاياللار ئۆز زىممىسىگە ئالىدۇ، ئاتا- ئانىلار پەرزەنتلىرىگە كىچىكىدىن يوتقان- كۆرپىسىنى سېلىش- يىغىشنى ئۆگىتىدۇ.

**9. يوتقان- كۆرپە، تەكىي- ياستۇق مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى**

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يوتقان- كۆرپە، تەكىي- ياستۇقلىرىدىمۇ مۇناسىپ ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، يوتقان- كۆرپە، تەكىي- ياستۇقلارنىڭ تۈرى كۆپەيدى، يوتقان- كۆرپە، تەكىي- ياستۇقلارنىڭ تۈرلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك ئېڭىنىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلىدۇ. تۈرى كۆپەيگەنلىكتىن كىشىلەرنىڭ تاللاش ئىمكانىيىتىمۇ كۆپ بولىدۇ. مەسىلەن، قوش كىشىلىك كارىۋاتلار ئىجاد قىلىندى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا قوش كىشىلىك يوتقان- كۆرپىلەرمۇ ئائىلىلەردە، بولۇپمۇ شەھەرلەردىكى ئائىلىلەردە كەڭ ئومۇملاشماقتا. بەل ياستۇق، ماشىنىلاردا قويۇپ قويۇلىدىغان زىننەت ياستۇق تۈرلىرىمۇ پەيدا بولدى.

ئىككىنچى، يوتقان- كۆرپە، تەكىي- ياستۇقلارنىڭ رولىدا ئۆزگىرىش بولدى. ئائىلىلەردە زامانىۋى سافا، ئورۇندۇقلارنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، مېھمانلارغا كۆرپە سالىدىغان ئادەت شەھەرلەردە سۇسلاشقان بولسىمۇ، يېزا- سەھرالاردا يەنىلا داۋاملاشماقتا.

ئۈچىنچى، يوتقان- كۆرپە، تەكىي- ياستۇقلارنى تىكىش، سېتىش كەسىپلەشتى. سانائەتلىشىش ئىشلەپچىقىرىشنىڭ چوڭ- كىچىك ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىگە تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىش تەقسىماتى تېخىمۇ ئىنچىكىلەشتى. ئىش تەقسىماتىنىڭ ئىنچىكىلىشىشى — ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئوخشاش بولمىغان ئىشچىلارنىڭ نۇرغۇن ئىنچىكە قەدەم- باسقۇچلار بىلەن تاماملىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يوتقان- كۆرپە، تەكىي- ياستۇقلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر- ۋەنچىلىك تېخنىكىسى بولغان توقۇمىچىلىق، تىككۈچىلىك، كەشتىچىلىك... قاتارلىق ھۈنەر، كەسىپلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىغىچە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قىز- ئاياللار ئۆز ئۆيىدىكى يوتقان- كۆرپە، تەكىي- ياستۇقلارنى تىكىش، سۆكۈپ قايتا تىكىشنى بىلەتتى ۋە ئۆزلىرى قىلاتتى. ئائىلىنىڭ يوتقان- كۆرپە، تەكىي- ياستۇقلىرىنى ئۆز قولى بىلەن تەييارلاپ ئۆي تۇتاتتى. قىز- ئاياللارنىڭ سىرتلاردا خىزمەت قىلىشى، تۇرمۇش رېتىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، قىز- ئاياللار يوتقان- كۆرپە، تەكىي- ياستۇقلارنى تىكىشنى بىلمەيدىغان، بىلسىمۇ قىلمايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن يوتقان- كۆرپە، تەكىي- ياستۇقلارنى تىكىپ سېتىش كەسىپلەشتى. ھەرقايسى شەھەر، بازارلاردا ئۆي بىساتلىرىنى ساتىدىغان دۇكانلار پەيدا بولدى. ھازىر تەييار يوتقان- كۆرپە، تەكىي- ياستۇقلار بازارغا سېلىنىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ يوتقان- كۆرپە، تەكىي- ياستۇقلىرى ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش پائالىيىتىدە مۇھىم رول ئوينىدى. نۆۋەتتە، ئۇيغۇرلاردا يوتقان- كۆرپە، تەكىي- ياستۇقلارنى تىكىشنىڭ كەسىپلىشىش دەرىجىسى تۆۋەن، بەلگىلىك كۆلەم ھاسىل قىلالمىغان بولۇپ، چوڭ شەھەرلەردە ياشاۋاتقان كىشىلەر زاۋۇتلاردا تىكىلگەن تەييار يوتقان- كۆرپە، تەكىي- ياستۇقلارنى ئىشلىتىشكە كۆنۈپ قالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ يوتقان- كۆرپە، تەكىي- ياستۇقلىرى تۈرىنىڭ كۆپ، تىكىلىشىنىڭ سىپتا، رەڭ ۋە كەشتىلىرىنىڭ نەپىس، ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ خىلمۇخىل، رەڭگارەڭ ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى تەتقىق قىلىش، ئەنئەنىۋى يوتقان- كۆرپە، تەكىي- ياستۇقلارنى ئىشلىتىش ۋە تىكىش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش، ۋارىسلىق قىلىش جەريانىدا تەرەققىي قىلىش، تەرەققىيات جەريانىدا يېڭىلىق يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر ئىدى.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا)

www.uyghurkitap.com

# قەشقەر تېكىستلىرى

## ـ ئائامىلار مۇنازىرىسى①



بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم

...②ۋە ئاش گۇرۇنجنى قازى، ئۆپكەنى ناغراچى،
سىنچاينى دارۇغە بېگى ③ قىلدىلار. ئاندىن كېيىن ھەر
قايسىلارى ئۆز ئورنىدا قارار تاپتى. شۇل ئەسنادا مەھتەر
④ نوخۇت قاراۋۇلدىن ئىزتىراپ بىرلە⑤ كېلىپ ئايدى-
لاركىم: «ئەي پادىشاھى گۇرۇنج، ۋاي بىرادەرلەر⑥ جا-
نىڭلار بولسا جايلاڭلار، مانا كىكىردەك لەشكەرىدىن
بەش يۈز كىشى بىلە يېغى يەتتى ⑦...» ⑧ بۇ خەبەرنى
پادىشاھى گۇرۇنج... ⑨ ئۇيقۇدا ئەردى. پەيدار بولدى
⑩، بار-يوق جەھان كۆزىگە قاراڭغۇلۇق بولدى. يارلىق
قىلدىلاركىم: «بىزلەرگە يېغى كىلۇر ئىمىش، ھازىر بولۇڭ-
لار ئەي نىمەتلەر، تارقاشماڭلار» دەپ يارلىق قىلدى.
ھەمە ⑪ تائام لەشكەرى ئۆزىنى راستلاماققە، جابدۇققە
مۇقايەت ⑫ بولدى. ئەۋۋەل پادىشاھى گۇرۇنج گوشتنى
⑬ قوبۇرما قىلىپ ⑭، جۇببە جەۋشەننى ⑮ كىيىپ،
ئەلەم كۆكەرتىپ قۇمۇشنى تەخت قىلىپ ئانىڭ تۆفەسىگە
چىقىپ ئولتۇردى. ئاندىن كېيىن پەھلىۋان ھالۋا خەبەر
تاپتى. سىرىق ئەلەملەرنى كۆكەرتىپ، مۇمەلل ⑯، مۇ-
كەممەل، مۇسلەھ ⑰، مۇسەللەھ ⑱ بولۇپ، پادىشاھى
گۇرۇنجنىڭ يانىدا كېلىپ تۇردى. ئانىڭ ئارقاسىدىن پەھ-
لىۋان چۆپكە خەبەر يەتتى. پەھلىۋان چۆپ ھەم قات-قات
ئىگىنلەرنى كىيىپ، نارىننى تۆرە قىلىپ پىيازنى سەفىر ⑲
قىلىپ كېلىپ، ئانىڭ ئارقاسىدىن پەھلىۋان ھەسىبغە ⑳
خەبەر يەتتى. پەھلىۋان ھەسىب ھافىزەسى ㉑ كېسىلىپ
پەھلىۋانلىق قىلىپ كېلىپ تۇردى. ئانىڭ ئارقاسىدىن پەھ-
لىۋان چۆچبۇرە ئاق ئېگىنلەرنى كىيىپ، يېشىل ئەلەملەر
كۆتەرىپ چۆرەسىگە كەگرە ㉒ باغلاپ قالفاقى سۇلايمان-
نى باشىغا قويۇپ زەبەرجەددىن ㉓ كۆز قويغان تونلارد-
نى كىيىپ كېلىپ تۇردى. ئانىڭ ئارقاسىدىن چۇلە ㉔ پادى-
شاھى شەبگە ㉕ خەبەر يەتتى... كوچەلەرنى ㉖ كەگرۇ-
تۇپ دۇمباقلارنى چالدۇرۇپ قىزارىپ سارغارىپ تەركىبى
سافلارنى ئارەستە ㉗ قىلىپ كېلىپ تۇردى. ئانىڭ


چالدورادوب قیزاریب سارغاریب ترکیب صفلاری
اراسته قیلیب کیلیب توردی اننک ارقه سیدین
پهلوان تتکمن کا خبر بیتی اول هم بلینی یتمیش یردین
اوزینی رستم چه چاغلاب اچ تاشینی زغیر یاغیدا
یاغلاب باشیغه دو یولغه لارینی باغلاب کیلیب
توردی اننک ارقه سیدین پهلوان زانکه خبر
بیتی اول هم براقده کی ملطقچیلارنی ییغیب اوق
دارولارنی چوغلاب فلته لارنی راست قیلدوروب
کلیب توردی اننک ارقه سیدین پهلوان اوپکا
خبر بیتی شولزمان چقتی قزان قلعه سیدین
بر تومان کیم دیسه اوپکی دیکان پهلوان
حافظه سی کیسلیب ناغرا کرنایلارینی باشلاریدا
کوتاریب زوربزور کلیب توردی اننک ارقه سیدین
کومچکا خبر بیتی انکا توفچی باشلاغینی منصدار

ئارقاسىدىن پەھلىۋان لەڭمەنگە خەبەر يەتتى. ئۇل ھەم بېلىنى يەتمىش يەردىن ئۆزىنى رۇستەمچە چاغلاپ، ئىچ-تاشىنى زىغىر ياغىدا ياغلاپ، باشىغا دۇيۇلغالارىنى باغلاپ كېلىپ تۇردى. ئانىڭ ئارقاسىدىن پەھلىۋان زاڭغە خەبەر يەتتى. ئۇل ھەم يىراقدەكى مىلتىقچىلارنى يىغىپ ئوق دارۇلارىنى ㉘ چوغلاپ پىلتەلەرىنى راست قىلدۇرۇپ ㉙ كېلىپ تۇردى. ئانىڭ ئارقاسىدىن پەھلىۋان ئۆپكىگە خەبەر يەتتى. شۇلزەمان ㉚ «چىقتى قازان قەلئەسىدىن بىر تۇمان، كىم دىسە ئۆپكى دىگەن پەھلىۋان.» ھافىزەسى كېسىلىپ ناغرا كارنايلارىنى باشلارىدا كۆتەرىپ زوربەزۇر㉛ كېلىپ تۇردى. ئانىڭ ئارقاسىدىن كۆمەچكە خەبەر يەتتى. ئاڭا توفچى باشلاغىنى مەنسەپدار قىلىپ چوڭ قىلغان ئىدى. باشىغا دۇبۇلغالارىنى قويۇپ ئاينەلەر ㉜ باغلاپ قۇززات ㉝ يەڭلىغ ㉞ ئادىلار ㉟ باشلاپ سەپ تۈزۈپ كېلىپ تۇردى. ئانىڭ ئارقاسىدىن پەھلىۋان گىردەگە خەبەر يەتتى. ئۇل ھەم يۈزىگە دانەيى خال ㊱ پەيدا قىلىپ شەھەر ئۈستىدە پىشتە-پىشتە ㊲ بولۇپ، بىر-بىرىدىن ئالدىراشىپ كېلىپ تۇردى. ئانىڭ ئارقاسىدىن پەھلىۋان چىدپاتە ㊳، ھەمەك ㊴، كاكچەلەرگە خەبەر يەتتى. بۇلار زار-زار يىغلاپ ئەيتادۇركى: «ئەي يارانلار، مېنىڭ بۇ ۋاقىتتا ھالىم خەراب تەبىئىم سوقتۇر ㊵، ئۆزۈم رەباب ㊶، ئىگىنىم يۇرتۇقدۇر، چىرايىم چۇرتۇقدۇر ㊷، فەقىرھال ㊸ ھېچ ياراغىم يوق، مېنىڭ بۇ ئاجىزلىقىمدا كىكىردەك لەشكەرى بىلە تەقابىل بولغالى تاقەتىم يوق. مۇبادا مېنى پارا-پارا قىلماغاي» دەپ يىغلادى. ئۇل ۋاقىتتا توقاچ پەيدا بولۇپ كېلىپ ئايدىكىم: «ئەي بەرادەرلەر، بىھۇدە ئەندىشە قىلىپ پەرىشان بولماغىل، ئەۋۋەل توقاچنى يەر، كاكچانى قويار، تا ماڭا ئاپەت يەتمەگۈنچە، ساڭا ھېچ ئاپەت يەتمەس» دەپ خەيلى ㊹ قۇۋۋەت بەردى.

ئەلقىسسە، تەئام لەشكەرى فىرىفتە بولۇپ ㊺ توپ-توپ، سانجاق-سانجاق، ئايماق-ئايماق، قەبىلە-قەبىلە جەمئىي بولۇپ، سەفلەرىنى راست قىلىپ تۇردى. شۇلزەمان كىكىردەك لەشكەرىدىن بەش يۈز كىشى بەھادۇرلۇق ㊻ بىلە جۇستى جالاك ㊼ ئەيلەپ، ھەرقايسى بىر نەرە ㊽ دىۋەدەك تاتار ئەيلەپ ㊾ يېتىپ كەلدى. شۇلزەمان شەھرىستان قازانىنىڭ دەرۋازەلەرىنى بەند ئەيلەپ ㊿، تۇۋاقلارىنى تارتتى. كىكىردەك لەشكەرى قورشاپ تۇشتى. ئۇل ئەسنادا ئانداغ جەڭ بولدىكى، رۇستەمى داستان مازەندەراندا، (51) ئەمىر ھەمزە (52) ئۇقابەيندە (53) جەڭ قىلغاندەك، ئاچ ئاشقا يىقىلغاندەك توكەر 11 يۇلغا يىقىلغاندەك، ئاتا ئوغۇلدىن بىخەبەر، ئانا قىزدىن بىخەبەر ئانداغ جەڭ بولدىكى،

تاراققۇ تۇرۇققۇ ئۇمۇدىگىران،
جەھان بولدى بازارى ئاھەنگىران.

ئاقىبەت كىكىردەك لەشكەرى غالىپ كېلىپ، تەئام لەشكەرىنى تۇتۇپ ئەسىر-يەسىر(54) قىلىپ شىكەم (55) جەھان ئابادىغە يەتكۈزدى. تەئام لەشكەرىنىڭ بىرمۇنچەسى يانىپ بىر تار يەرنى بوغۇپ تۇرالى دەپ تۇرار

ئەردى. ئارقاسىدىن پەھلىۋان سىنچايىنى قۇيۇپ ئىدى. پا دىشاھ گۇرۇنج ۋە يەنە قالغان تەئام لەشكەرىنى ئارقاسى-دىن قوغلاپ بارىپ ئۇستىخانلارىنى رىزە-رىزە قىلىپ ئەسفەلۇسسافلىنغە (56) ئىبەردىلەر. ئول ۋەقتدىن تارتىپ تا بۇ ۋەقتغىچە كىكىردەك لەشكەرىنىڭ قولىدا مەغلۇپ مەنكۇپ (57) ئەسىر بولماق ئاندىن قالدى دەپدۇرلار.

ۋەللاھۇ ئەئلەم بىھەقىقەتى ھالىھى

ۋە ئىلەيھىلمەرجىئۇل ئەۋلىئەئمال (58)

ئىزاھلار:

①ماۋزۇسى نەشرگە تەييارلىغۇچى تەرىپىدىن قويۇلدى، بۇ تېكىست ھەققىدىكى تەپسىلىي مەلۇماتنى بىلىش ئۈچۈن «مىراس» ژۇر-نىلىنىڭ 2013-يىلى 4-سانىدىكى «قەشقەر تېكىستلىرى — مۇنازىرە ئەدەبىياتى ھەققىدە» دېگەن ماقالىگە قارالسۇن. ② ئالدى قىسمى يوقالغان، ③ دارۇغە بېگى — دورغا بەگ، شەھەر باشلىقى، ④ مىھتەر — ئۇلۇغ، مەرتىۋىلىك، ئەلچى، ⑤ ئىزتىراپ بىرلە — ئەلەم بىلەن، ھەسرەت بىلەن، ⑥ بىرادەر — بۇرادەر، دوست، ⑦ يېغى يەتمەك — دۈشمەن بولماق، ئۇرۇش بولماق، ⑧ بۇ يەردىكى سۆز ئېنىق بولمىغاچقا ئوقۇش مۇمكىن بولمىدى، ⑨ بۇ يەردىكى سۆز ئېنىق بولمىغاچقا ئوقۇش مۇمكىن بولمىدى، ⑩ پەيدار بولۇش — پەيدا بولۇش، ⑪ ھەمە — ھەممە، بارلىق، ⑫ مۇقايەت — ئەسلىي سۆز «مۇقەييەد» بولۇپ، ئەسلىي تېكىستتە خاتا يېزىلىپ قالغان. بۇ سۆز «مەلۇم بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش ياكى مەشغۇل بولۇش»نى كۆرسىتىدۇ، ⑬ گوشت — گۆش، ⑭ قوبۇرما قىلىش — قورۇش، ⑮ جۇببە جەۋشەن — دۇبۇلغا ساۋۇت، ⑯ مۇمەلل — تەرتىپلىنىش، رەتلىنىش، سەپراس بولۇش، ⑰ مۇسلەھ — تەييارلىنىش، ⑱ مۇسەللەھ — قوراللىنىش، ⑲ سەفىر — باش ئەلچى، ⑳ ھەسب — ھېسپ، ㉑ ھافىزە كېسىلىش، ㉒ كەگرە، ㉓ زەبەرجەد — قىممەت باھالىق تاش، يېشىل قاشتېشى، ㉔ چۇلە — گۆلە-قاق سۇيى، ㉕ شەب — كېچە، ㉖ كوچە — كوچا، ㉗ ئا-رەستە — بېزىمەك، ياساندۇرماق، ㉘ ئوق دارۇ — ئوق-دورا، ㉙ راست قىلدۇرۇش — تەييار قىلىش، ھازىر قىلىش، ㉚ شولزەمان — شۇ ۋاقىت، ㉛ زوربەزور — بۇ سۆز «زۇدبە زۇد» بولۇشى مۇمكىن، بۇنداق بولغاندا «دەررۇ، شۇئان، تېزدىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ㉜ ئايىنە — ئەينەك، ㉝ قۇززات — قازىلار، مەھكىمىدە ھۆكۈم قىلغۇچىلار، سۇدىيەلەر، ㉞ يەڭلىغ — ئوخشاش، ㉟ ئادى — چوڭ. بۈيۈك، ئۇلۇغ، ㊱ دانەيى خال — سەپكۈن، مەڭ، ㊲ پىشتە پىشتە بولۇش — بۇ سۆز ئەسلى «پۈشتى» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇپ، بۇ يەردە «پىشىپ» دېگەن مەنىدە كەلگەن، ㊳ چەپاتە — ھەممەك ۋە كاكچا نانغا ئوخشاش نېپىز بىر خىل ناننى كۆرسىتىدۇ، ㊴ ھەمەك — ناننىڭ بىر تۈرى، ㊵ تەبئى سوق — ھالى بوش، مىجەزى يوق، ㊶ رەباب — راۋاب، ㊷ چۇرتۇق — سەت، كۆرۈمسىز، ㊸ فەقىر ھال — بىچارە ھالەت، ㊹ خەيلى — نۇرغۇن، ناھايىتى كۆپ، ㊺ فىرىفتە بولماق — ئالداش، ㊻ باھادۇرلۇق — باتۇرلۇق، ㊼ جۇستى جالاك — ھوشيارلىق بىلەن كاللا ئىشلىتىپ، ㊽ نەرە — ئەركەك، ㊾ تاتار ئەيلەش — جىجىلاش، ㊿ بەند ئەيلەش — باغلاش، تاقاش، (51) مازەندىران — ئىراندىكى بىر ئۆلكىنىڭ نامى، (52) ئەمىر ھەمزە — ئىران تارىخىدىكى بىر قەھرىمانىنىڭ ئىسمى، (53) ئۇقابەيىن، 11 توكەر — توكۇر، (54) ئەسىر-يەسىر — بۇ جۈپ سۆز بولۇپ، «ئەسىر قىلىش» دېگەن مەنىدە، (55) شىكەم — قورساق، (56) ئەسفەلۇسسافلىن — ئەڭ تۆۋەن جاي، قۇرئان كەرىم سۈرە «تىن» 5-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان، ئەڭ چوڭقۇر دوزاخنى كۆرسىتىدۇ، (57) مەنكۇب — بەختسىز، ئازابتا قالغان، قىيىنچىلىقتا يولۇققان، (58) بۇ بىر دۇئا بولۇپ، «بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئاللاھ بىلگۈچى، ھەممە نەرسە ئاللاھقا قايتىدۇ» دېگەن مەنىدە.

**تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ**


# بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۇگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز تەتقىقاتلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك ساھەدىكى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىگىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۈنۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 0991 _ 4554017

**ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى**

# خاتۇشا
# (ختىم شەھرى)





**5. ختىم يېزىقىنىڭ مەنىسىنى كىم يەشكەن**

ختىم تىل - يېزىقىنىڭ مەنىسىنى يېشىشتەك بۇ شە-
رەپلىك ۋەزىپە ئاخىر چېخ ئاسسىرىئولوگىيە پىروفېسسو-
رى بېدېلىس. رۇئازنىيغا نېسىپ بولغان. ئالىم ئاخىر ئاشۇ
لاي تاختىلارغا يېزىلغان ختىملىقلارنىڭ شىنا شەكىللىك
تەسۋىرىي يېزىقى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ 3000 يىلدىن
ئارتۇق ۋاقىت ساقلاپ كەلگەن مەخپىيەتلىكىنى يەشكەن.
1915-يىلى رۇئازنىي شىنا شەكىلدىكى ختىم تىلىنى
ئوقۇپ چۈشىنىشتەك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. شۇنىڭ
بىلەن لاي تاختىلارغا يېزىلغان پۈتۈكلەر بىر-بىرلەپ تەر-
جىمە قىلىنغان. رۇئازنىي ئەسلىدە قەدىمكى سېمىتىك تىل-
يېزىقى مۇتەخەسسىسى بولۇپ، ختىم تىلىنى پەقەتلا چۈ-
شەنمەيتتى. بىراق ئۇ شىنا شەكىلدىكى يېزىقلارنى ئوقۇپ
چۈشىنەلەيتتى. شۇڭا ئۇ تىل تاۋۇشلىرىدىن باشلاپ
تەتقىق قىلىپ، مەخسۇس ئىسىمغا ئوخشاش خەتلەرنى
تاللاپ چىقىپ، ئۇنى يەنە قايتا تەكشۈرۈش داۋامىدا،
بۇنىڭ بابىلون شىنا يېزىقىدىن ئېلىنغان، مەنە ئىپادىلەيدى-
غان سۆزلەر، يەنى شەكىل يېزىقى ئىكەنلىكىنى بېكىتكەن.

ئۇ يەنە ختىم تىلىنىڭ ئوتتۇرا شەرق تىل يېزىقىنىڭ
بىر تۈرى ئەمەسلىكىنى، ئەمما يىلتىزىنىڭ ئاسىيا-ياۋروپا
تىل سىستېمىسىغا تەۋە ھىندى-ياۋروپا تىلى ئىكەنلىكىنى
ئېلان قىلغان ھەم ئىسىم ۋە پېئىلغا قاراپ مورفولوگىيەلىك
تۈزۈلۈشكە ئىگە دېگەن يەكۈننى چىقارغان. مەسىلەن،
ئىسىم باش كېلىشتە كەلگەندە S ھەرپى بىلەن ئاياغلاش-
قان. چۈشۈم كېلىشتە كەلگەندە N ھەرپى بىلەن ئاياغلاش-
قان. پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان شەكىللىرى 3-شەخس بىرلى-
كىدە كەلگەندە «ti»، كۆپلۈكىدە كەلگەندە «nti» قا-
تارلىق ھەرپلەر بىلەن ئاياغلاشتۇرغان. بۇ بەلگىلەر
ئۇلارنىڭ ھىندى-ياۋروپا تىللىرى ئېتمولوگىيەسىدىن
كېلىپ چىققانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەرگەن. تاكى مۇشۇ
چاغقا كەلگەندىلا كىشىلەر ئاندىن ھىندى ياۋروپا تىللىرى
ئائىلىسىدىكى ھەممە تىل، يەنى ختىم تىلى، پالاي تىلى،
لۇۋى تىلى، لۇۋى تىلى تەسۋىرىي يېزىقى، لىدىيە تىلى،
لىشىيە تىلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلگەن. ئالدىنقى

ئۈچ خىل تىل 1905 - يىلىدىن بۇيان بوغازكوي — خاتۇشادىن قېزىپ چىقىرىلغان تەسۋىرىي يېزىقلىق لاي تاختىلار ئارىسىدىن بايقالغىنى. ئۇنىڭ ئىشلىتىلگەن ۋاقتى تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 يىللار ئىلگىرى بولۇپ، لۇۋى تىل تەسۋىرىي يېزىقى ئاساسەن ئانادولۇنىڭ جەنۇبى بىلەن سۇرىيەنىڭ شىمالىدىكى تاش ئابىدىلەردە، مۆھۈرلەردىلا ساقلىنىپ قالغان. بۇنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتە قىلساق تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1200 - يىلىدىن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 700 - يىللارغىچە يېتىپ بارىدۇ. لىشىيە تىلى بىلەن لىدىيە تىلى يېزىقىنى ئىپادىلەشتە، ھەرپلەرنىڭ ئورنىغا بەلگىلەرنى قويۇپ ئىشلەتكەن. بۇنىڭمۇ تارىخىي يىلتىزى تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 600 - يىللاردىن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 200 - يىللارغىچە يېتىپ بېرىشى مۇمكىن.

خىتىم تىلى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى خاتتى تىلى شىنا شەكلى بىلەن خىتىم تىلىدا « attili» دەپ ئىپادىلەنگەن بولغاچقا، داۋاملىق خاتا ھالدا خىتىم تىلى ئەڭ دەسلەپكى ئانا تىل دەپ قارالغان. ئەمەلىيەتتىمۇ ھەقىقەتەن ئانا تىل، بىراق خاتتى تىلى بىلەن خىتىم تىلى قېرىنداش تىللاردىن ئەمەس. يەنە شۇنىڭدەك ئانادولۇدا ھەممە بىردەك قوللانغان خورى تىلى، ئۇراتۇ تىلى بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى يوق. خاتتىلىقلارنىڭ ئانادولۇدا قانچىلىك ۋاقىت ياشىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش ئىنتايىن تەس، بىراق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، خىتىم يېڭى پادىشاھلىق دەۋرىدە، (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1400 - يىللاردىن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1190 - يىللارغىچە) خاتتى تىلى ئاللىقاچان يوقالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنىدۇ.

رۇئازنىينىڭ ئاساسىي تەتقىقاتى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندىلا، ئاندىن مۇتەخەسسىسلەرنى خىتىم يېزىقىنىڭ بارلىق خەت شەكلىگە بولغان يېتەرلىك چۈشەنچىگە ئىگە قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئاستا-ئاستا خىتىم تىلىنىڭ تەرەققىياتىنى خىتىم ئىمپېرىيەسىنىڭ تارىخىغا ئاساسەن ئۈچكە بۆلۈنگەن. قەدىمكى خىتىم تىلى، يەنى قەدىمكى پادىشاھلىق دەۋرى. بۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1700 - يىللاردىن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1500 - يىللارغا توغرا كەلگەن؛ ئوتتۇرا خىتىم تىلى، يەنى زۇلمەتلىك يىللارغا توغرا كەلگەن. بۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1500 - يىللاردىن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1400 - يىللارغا توغرا كەلگەن. يېڭى خىتىم تىلى، يەنى يېڭى پادىشاھلىق دەۋرى بولۇپ، بۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1190 - يىللاردىن 700 - يىللارغا توغرا كەلگەن ۋە يەنە يېڭى دۆلەت دەۋرى دەپمۇ ئاتالغان.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە گېرمانىيەنىڭ باشقا بىر ئارخېئولوگىيە ئەترىتىمۇ بوغازكويدا ئارخېئولوگىيەلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئوبيېكتى خىتىملىقلارنىڭ قەدىمىي شەھەر سېپىلى، ئىبادەتخانا ۋە خان سارايلىرىنى ئۆلچەپ سىزىش بولغان. بۇ خىزمەت 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ تەسىرى بىلەن بىر مەزگىل توختاپ قالغان. كېيىن يەنە، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن باشلاپ بوغازكوي رايونىدا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش قايتىدىن ئەسلىگە كەلگەن. تا بۈگۈنگە قەدەر ئارخېئولوگ خادىملىرى بايقىغان لاي تاختىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 25 مىڭ پارچىغا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدىن 3000 دىن ئارتۇقراقىنى گېرمانىيەلىك ئارخېئولوگ ئالىمى بېدېنىق 1990 - يىلىدىن 1991 - يىلىنىڭ ئارىلىقىدا خىتىم خان ئوردىسىنىڭ ئارخىپخانىسىدىن بايقىغان.

دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل ئارخېئولوگ، تارىخ، تىل مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ئالىملىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق كىشىلەر ئاخىر ئانادولۇدىكى مول ھەم مۇرەككەپ بولغان تارىخنىڭ بوسۇغىسى، گىرېتسىيە ۋە رىملىقلارنىڭ تارىخىدىن نەچچە 1000 يىل ئالدىدا تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن. مەلۇمكى، بۇ ئېگىزلىكتىكى خارابىلەر دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرى. سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە ھەتتا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7000 يىللاردىنمۇ بالدۇر بولۇشى مۇمكىن. خىتىم مەدەنىيىتى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىلا ئانادولۇ ئېگىزلىكىدە كىشىلەر ئولتۇراقلاشقانكەن. كېيىن خىتىملىقلار بۇ يەردە بۈيۈك ئىمپېرىيەنى قۇرۇپ چىققان ۋە يەنە ئۇزاق تارىخىي جەريانلارنى باشتىن كەچۈرۈپ يوقالغان. ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ئانادولۇدىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ بىر كارتىنىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەندى.

بۈگۈنگە قەدەر بۇ يەردىكى بارلىق يادىكارلىقلار ئانادولۇدىكى خىتىم مەدەنىيەت مۇزېيىدا يىغىپ ساقلانماقتا. بۇ يەرگە كەلگەن ھەر بىر كىشى، بۇ زېمىننىڭ قانداق گۈللەپ، قانداق خارابىلاشقانلىقىنى تارىخنىڭ بېسىپ ئۆتكەن سالماق قەدەملىرىدىن كۆرۈۋالالايدۇ ھەم ھېس قىلالايدۇ.

«دۇنيا مىراسى» ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلغۇچى: مېھرىگۈل قادىر

(ئاپتور: شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىدە)



# بۇيلۇقتىكى يارىمغا

بۇيلۇق ئۆزى جەننەتتۇر،
چۇنچە-تەكلەر زىننەتتۇر.
كىم يايرىمغا شەك قويسا —
ئۇنىڭ ئاغزى مەينەتتۇر.

بېغىر كاۋاپ تەملىكمۇ؟
قېرىن كاۋاپ تەملىكمۇ؟
يايرىم سىنىڭ گۆلبېغىڭ —
قۇرغاق بولماي نەملىكمۇ؟

تۇغان① تۇتتۇم توپىدا،
ئۇخلاپ يېتىپ ئوپىدا.②
يايرىم سەن يارالغانمۇ؟
ئىپار، ئەنبەر، ئۇپىدا.

كارىز چىپىپ ھارغاندا،
تەرنى سۈرتتۈم پوتىدا.
كۆيۈپ كۆلگە ئايلاندىم،
شۇ يارىمنىڭ ئوتىدا.

قوي بوردىدىم قوتاندا،
نانىنى ياقتىم ئوتاندا.
تولۇن ئايدەك يار تۇتتۇم،
گۈزەل يۇرتۇم تۇرپاندا.

قاغا قوندى قونداققا،
كۆز قىرىم يوق ئۇنداققا.
يار ئالدىسا ئەگەردە —
ئالدانمايمەن بۇنداققا.

---

① تۇغان — توسما، كۆل.
② ئوپا — گەمە ئۆي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شالۋۇر دەيدۇ ئىشتاننى،
ئامبۇر دەيدۇ قىسقاننى.
مۇھەببىتىم تاللايدۇ،
توغرا يولنى باسقاننى.

ھارۋا چاقى ئوقتىدۇر،
ئات تىزگىنى نوقتىدۇر.
سەن نىمانچە قىزغانچۇق،
سۆيگەن يارىڭ توختىدۇر.

تاماكا چەك غاڭزىدا،
قورساق توقلا ساڭزىدا.
يارنى تۇتسالڭ راستلا تۇت —
بوپقالمىسۇن ياڭزىدا.

يانتاق چاپتىم كەتمەندە،
ناخشا ئېيتتىم دەردمەندە.
يارنىڭ قەدرى ئۆتۈلدى،
مېنى تاشلاپ كەتكەندە.

يامغۇر ياغدى دېمەمسەن،
قارمۇ ياغدى دېمەمسەن.
ئوتلىرىڭدا كۆل بولسام —
سەن غېمىمنى يېمەمسەن.

باغقا كىردىم گۈلنى دەپ،
گۈلدە بۇلبۇل بارغۇ دەپ.
شادلاندىم ھەم سۆيۈندۈم،
ياندا گۈليار بارغۇ دەپ.

ئۈزۈن كېمىر① ئېگىلدى،
شۇڭ باداڭغا چىگىلدى.
يارنىڭ شېرىن سۆزلىرى —
يۈرىكىمگە تېڭىلدى.

كىتاب تىكتىم سىم بىلەن،
تورلاپ تىكتىم يىپ بىلەن.
ئۆمۈرۋايەت ھەمراھ بىز،
گۈلخۇمارىم سەن بىلەن.

بىغىرەڭنى رەڭ دەمسىز،
چەككەن خالنى مەڭ دەمسىز.
ئوتلىرىدا مەن كۆيسەم —
كۆيگىنىمنى بىلەمسىز؟

ئەتىگەندە سەھەردە،
كەپە② تەردۇق ئەركەن③ دە.
يار ساڭا مەن ئىشەندىم،
ماڭا كۆڭۈل بەرگەندە.

شاتۇت ئادەم دورايدۇ،
باغدا رەيھان پۇرايدۇ.
مانتۇ، پولۇ، گۆش بىلەن —
يارىم مېنى بوردايدۇ.

يانتاق دىگەن تىكەندۇر،
تۇلۇق ياستۇق يىكەندۇر.
ئۆجمە كۆڭۈل ئىكەن يار،
جاجىسىنى يىگەندۇر.

لىڭگىر تاقنى ئوينىدىم،
ئويناپ تېخى تويمىدىم.
يارىم ساڭا دەيدىغان —
مۇھىم شەرتنى قويمىدىم.

---

① ئۈزۈن كېمىر — ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى ئىچىدىكى قەدىمىي كېمىر ئۆي.
② كەپە — يەر بېغىرلاپ ئۆسىدىغان مېۋىسى بار شىپالىق دورا ئۆسۈملۈكى (كورخەمەك)
③ ئەركەن — ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى ئىچىدىكى كىچىك شەھەر.

قەغەز قاتلاپ تالمىدىم،
ناخشا ئېيتىپ هارمىدىم.
ياردىن كۆڭلۈم رەنجىگەچ —
مەلىگە پۇت سالمىدىم.

گۈل تەشتەككە گۈل كېرەك،
گۈل ئېلىشقا پۇل كېرەك.
مەن سىزگە تېگەي دەيمەن —
بولالامسىز غول تېرەك؟

ئاينى كۆرۈپ قالساملا،
يۈزىڭىزنى ئەسلەيمەن.
بۇلاق سۈيى ئىچسەملا،
كۆزىڭىزنى ئەسلەيمەن.

قىرچىنتالنى① ئەگكەندە،
بويىڭىزنى ئەسلەيمەن.
موچۇن تۇتسام ئىشمىدا،
قولىڭىزنى ئەسلەيمەن.

ئۇنتالمايمەن مەن سىزنى،
تاشلىۋەتمەڭ هەم بىزنى.
باغلار ئارا مۇڭداشتۇق،
ئۇنتۇمايلى بۇ ئىزنى.

ئۈنچە-مارجان تاش ئىكەن،
دادۇر-پۇرچاق ئاش ئىكەن.
مەن يارغا جاپا سالغاچ —
يارنىڭ كۆڭلى غەش ئىكەن.

ئېگىز تاغلار قار-مۇزلۇق،
ئېرىق بويى يالپۇزلۇق.
مەن تەسەددۇق يار ساڭا،
تارتماسسەن هېچ يالغۇزلۇق.

تورغاي سايرار ئاسماندا،
مەيىن شامال چىققاندا.
يۈرەكلىرىم ئۆرتىنەر،
يار قولۇمنى تۇتقاندا.

يۈگۈرۈپ كەلمە قېشىمغا،
لوقما سالما ئىشىمغا.
كۆتۈرەيمەن ئۆزۈملا —
بالا كەلسە بېشىمغا.

تېشى پال-پال ئەر دېمە،
پارقىرىسا زەر دېمە.
رايىم سەندىن ياندى قوي،
ماڭا كۆڭۈل بەر دېمە.

كۆز يېشىم ئاقتى بۈگۈن،
دىلدا قالغاچ بىر تۈگۈن.
شۇ يارغا ئېيتسام دەردىم —
تۈگىمەس ئەتە-ئۆگۈن.

كىشمىش ئۈزۈم ئۈزۈلدى،
قۇرۇتۇشقا چۈنچىگە.
تەشنا يۈرەك شادلاندى —
ئېرىشكەچ بىر غۇنچىگە.

ئۈزۈم تېلى بوي تارتىپ —
شاخلىرى بەك ئېگىلدى.
يايرىم بەرگەن زەر بوتا —
بەلگە مەهكەم چىگىلدى.

باراڭدىكى ئۈزۈمنىڭ —
شاخلىرىنى شۇڭ دەيدۇ.
يايرىم مېنى دۇشكەللەپ —
سەن نېمانچە توڭ دەيدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: بارات سېتىباقى
توپلىغۇچى: پەتتار تۇرسۇن ئىدىقۇتى

① قىرچىنتال — سۆگەت.

www.uyghurkitap.com

# مۇھەررىرلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى ھەققىدە



دىلئارام ماخمۇت

مەدەنىيەت ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچلىرىنىڭ بىرى. ھازىر جۇڭگودا سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى ياكى ئىناق جەمئىيەتنى بەرپا قىلىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان جۇڭگو قۇرۇش تەكىتلىنىۋاتىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى تارقىتىش ۋە گۈللەندۈرۈش تەھرىرلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىدىن ئىبارەت. تەھرىرلەر چوقۇم ۋەتەننىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى ئاساسىدا نەشرىياتچىلىق خىزمىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردە يېڭىچە رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

مۇھەررىرلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى — ئۆزىدە بار بولغان ئىجتىمائىي ئوبراز ۋە ئىجتىمائىي ئورۇن ئاساسىدا بار بولغان بۇرچ ۋە ۋەزىپىنى كۆرسىتىدۇ. مۇھەررىرلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە توختىلىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن تەھرىرلەرنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى چۈشىنىپ باقايلى.

تەھرىرلىك خىزمىتى تېما تاللاش، ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇش، ئەسەر تەھرىرلەش، پىششىقلاپ ئىشلەش، رەتلەش ۋە مۇقاۋا لايىھەلەش قاتارلىق بىر نەچچە ئىش تۈرىدىن تەركىب تاپقان، بىر-بىرىگە باغلىنىدىغان بىر پۈتۈن مۇرەككەپ جەريان، شۇنداقلا بۇ ئىش تۈرلىرى نىسپىي مۇستەقىللىققىمۇ ئىگە. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ ئىش تەرتىپلىرى باسقۇچچانلىقىنىلا ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ھالبۇكى پۈتكۈل جەرياننىڭ بىر پۈتۈنلۈكى كۆپ ھاللاردا ئوڭايلا سەل قارىلىپ قالىدۇ. تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە بولغان تونۇش ئايدىڭلاشتۇرۇلغانسېرى ئۆزئارا ماسلاشقان خىزمەت ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. مۇھەررىرلەرنىڭ كەسپىي ئىقتىدارى ۋە خىزمەت سەۋىيەسىدىكى پەرقلەر كۆپىنچە مانا مۇشۇ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

تەجرىبىلىك مۇھەررىرلەر تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى چىقىش قىلىپ، كېيىنكى ئىش تەرتىپىگە ھامان مەلۇم شارائىت يارىتىدۇ. ئۇلار تېما تاللىغاندا، يالغۇز ئەسەرنىڭ تېمىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، كىتابخانلارنىڭ ئەھۋالى، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە قۇرۇلمىسى، ئاپتورلارنىڭ ئەھۋالى ۋە نەشر قىلىش پەيتى قاتارلىقلارنى تېخىمۇ نەزەرگە ئالىدۇ، مانا بۇ تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ بىر پۈتۈن جەريان ئىكەنلىكىنى تونۇغانلىقتۇر.

تەھرىرلىك خىزمىتى پۈتكۈل نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى. ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىنىڭ يۇقىرى-

تۆۋەن بولۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر ئامىل مۇھەررىرلەر-
نىڭ خىزمىتىگە باغلىق. بىر ياخشى ئەسەرنىڭ دۇنياغا كې-
لىشىگە ئاپتورنىڭ تالانتى ۋە جاپالىق ئەجرى سىڭىشتىن
باشقا، كۆپ ھاللاردا مۇھەررىرلەرنىڭمۇ يۈرەك قېنى سى-
ڭىدۇ.

ئوقۇپ تەكشۈرۈش — تەھرىرلىك خىزمىتىدىكى مۇ-
ھەررىرلەرنىڭ بىر مۇھىم ۋەزىپىسى. ئەسەرنىڭ سىياسىي
مەزمۇنى، ئىلمىي ۋە بەدىئىي قىممىتىگە باھا بېرىش مۇ-
ھەررىرلەرنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى، شۇنداقلا بىر مۇھەر-
رىرنىڭ ئاساسىي ماھارىتى ھېسابلىنىدۇ.

مۇھەررىرلەرنىڭ ئۈستىگە ئالىدىغان مەسئۇلىيىتى
كەڭ بولىدۇ، ئۇلار ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى، جۈملىدىن
پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى
نەتىجىلىرىنى يىغىش، رەتلەش، ئېلان قىلىش مەسئۇلىيىتى-
نى ئۈستىگە ئالغان، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت، ئىلىم
- پەن بىلىملىرىنى توپلاش ۋە يەكۈنلەشتە كەم بولسا بول-
مايدىغان قوشۇن. مۇھەررىرلەر ھەم ئەسەرلەرنى پىلانلى-
غۇچى، ھەم ئەسەرلەرنى ئۇيۇشتۇرغۇچى، ھەم ئەسەرلەر-
گە باھا بەرگۈچى، ھەم ئەسەرلەرنى پىششىقلاپ ئىشلىگۈ-
چىلەردۇر. مۇھەررىرلەر تېما تاللاش، ئەسەر ئۇيۇشتۇ-
رۇش، ئەسەر تەكشۈرۈش، پىششىقلاپ ئىشلەپ مەتبەئەگە
يوللاشتىن تارتىپ كوررېكتور نۇسخىسىنى كۆرۈش ۋە كى-
تابنى مەتبەئەدىن چىقىرىشقىچە بولغان ئىش ھالقىلىرىدا
جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرىدۇ.

مۇھەررىرلەرنىڭ ئەڭ زور ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى
خەلقنى ئېسىل مەنىۋى مەدەنىيەت ئوزۇقى بىلەن تەمىن
ئېتىپ، ھەر خىل كىتابلارنىڭ تاللىنىشى مۇۋاپىق، مەزمۇن-
لىرى مول بولۇشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش، شۇنداقلا
ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيەۋىلىكى، ئىلمىيلىكى ۋە بەدىئىيلىكىنى
ئىمكانقەدەر ئۆستۈرۈپ، شەھەر - يېزىلاردىكى كەڭ،
كۆپ قاتلاملىق كىتابخانلارنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئېھتىيا-
جىنى قاندۇرۇپ، ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە يېتىش-
تىن ئىبارەت.

بۇ تەلەپلەرگە يېتىش ئۈچۈن، مۇھەررىرلەر ئۆزىنىڭ
سىياسىي - ئىدىيەۋى سەۋىيەسى، بىلىم سەۋىيەسى ۋە
كەسپىي سەۋىيەسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش زۆرۈر. لاياقەت-
لىك بىر مۇھەررىر كۆپ جەھەتتىكى بىلىم ۋە ئىقتىدارغا
ئىگە بولۇش لازىم. ھەم مەلۇم ماركسىزملىق نەزەرىيە سە-
ۋىيەسىگە ۋە سىياسىي سەۋىيەگە ئىگە بولۇشى، ھەر خىل
شەيئىلەرگە قارىتا بىر قەدەر كۈچلۈك كۆزىتىش ئىقتىدارىغا
ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى، جۈملىدىن ئۆ-
زىنىڭ بىلىمىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ ۋە يېڭىلاپ تۇرۇشى
لازىم ھەم مەلۇم كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولۇشى، ھېچ بولمى-
غاندا بىر پەننى بىر قەدەر پىششىق بىلىدىغان ۋە چوڭقۇر
چۈشىنىدىغان بولۇشى، ھەم مەدەنىيەت بىلىملىرى جەھەت-
تىن خېلى تەربىيەلەنگەن ۋە مەلۇم يېزىقچىلىق ئىقتىدارىغا
ئىگە بولغان بولۇشى، يەنى بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر بولۇ-
شى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇھەررىرلەر، يەنى مەلۇم
بىر تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى ۋە نەشرىياتچىلىققا
دائىر ھەر خىل بىلىملەرنى پىششىق بىلىشى كېرەك. تەھرىر-
لىكنى يېڭىدىن ئۆگىنىۋاتقان يولداشلار ئاساسىي ماھارەتنى
چوقۇم ياخشى مەشىق قىلىشى، ئۇششاق خىزمەتلەرنى قى-
لىشنى رەت قىلماسلىقى، بەزى تېخنىكىلىق خىزمەتلەرنى
«ئانچىكى ھۈنەر» دەپ كۆڭۈل بۆلمەي قالماسلىقى
كېرەك. بىر پارچە ئەسەرنىڭ تېمىسى، ئىدىيەۋى مەزمۇنى،
لوگىكىلىق قۇرۇلمىسى، تىل جەھەتتىكى ئىشلىنىشىدىن
تارتىپ ھەر خىل ئىسپات، ماتېرىياللارنى دەلىللەپ سېلىش-
تۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرگىچە مۇھەررىرلەرنىڭ باش
تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 60 نەچچە يىلدىن بۇيان نەشرى-
ياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى زور بولۇپ،
نەچچە ئون مىڭ كىشىلىك زور مۇھەررىرلەر قوشۇنى ئال-
لىقاچان شەكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن تەھرىرلىك خىزمىتى-
نىڭ تەشۋىقاتى ياخشى بولمىغاچقا، تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ
پەن - مەدەنىيەت، تېخنىكا بىلىملىرىنى توپلاپ، يىغىپ ۋە
ئۇنى تارقىتىپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشى-
نى بېيىتىشتا ئوينايدىغان زور رولىنى كىشىلەر ئانچە بىل-
مەيدۇ.

ئىلگىرى نەشرىيات ئورۇنلىرى مۇھەررىرلەرنىڭ باش-
قىلارغا تويلۇق كىيىم تىكىدىغان «نامسىز قەھرىمان» بولۇ-
شىنى، باش چۆكۈرۈپ ئىشلىشىنى، نام - مەنپەئەتكە بېرىل-
مەي، ئاپتور - تەرجىمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئەسەر-
لەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىشىنى
تەشەببۇس قىلغان ۋە ئۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرگەندى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



نۇرغۇن يولداشلار كۆپ يىللاردىن بۇيان ئاشۇنداق قىلىپ كەلدى. بۇنداق روھ ئىنتايىن قىممەتلىك (يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىز مەسئۇل مۇھەررىرلەرنىڭ ئىسمىنى كىتابقا يېزىشنى تەشەببۇس قىلدۇق، بۇنىڭدىن نام چىقىش ئەمەس، بەلكى ئالدى بىلەن مەسئۇلىيەتنى ئېنىق تونۇشنى مەقسەت قىلدۇق). بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇنداق روھنى يەنىلا تەشەببۇس قىلىشىمىز ۋە جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، مەركەزدىن تارتىپ يەرلىككىچە بولغان نەشرىيات ئورۇنلىرى كىتاب تەھرىرلەش، نەشر قىلىش خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى سىستېمىلىق ھالدا يەكۈنلەش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، ھەتتا بەزى ئورۇنلار تەھرىرلىك ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك دەرسلىكلەرنى تۈزۈشكە قول سېلىشتەك خۇشاللىنارلىق ئەھۋاللار بارلىققا كەلدى. نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق بىر نەچچە ئاتاقلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردىمۇ تەھرىرلىك كەسپى تەسىس قىلىنىپ، قابىلىيەتلىك مۇھەررىرلەر پىلانلىق ھالدا يېتىشتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ دۆلىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا قاتناشقاندىن باشلاپ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ مەملىكىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان يېڭى رىقابەت ۋە بۆسۈشلەرگە دۇچ كەلدى. مانا مۇشۇ ئۈچۈر دەۋرىدە مۇھەررىرلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ، بىرى، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش. يەنە بىرى، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى تارقىتىش ۋە گۈللەندۈرۈش.

تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ بىلىم ۋە مەدەنىيەتنىڭ تارقاتقۇچىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز خىزمەت ئورنىدا مەھكەم تۇرۇپ ئىشلەيدىغان جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مەسئۇلىيىتى بار. تەھرىرلەرنىڭ ئاساسلىق ساپاسى تىل ماھارىتى بولۇپ، تىل-يېزىق مەسىلىسىگە قارىتا پىششىقلاپ ئىشلەپ بېرىش، ھەر بىر تەھرىرلەر چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەت. ئەسەرلەرنى تۈزىتىش، رەتلەش، رەتكە تۇرغۇزۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قاتتىق سىياسىي پوزىتسىيەدە چىڭ تۇرۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا مەسئۇل بولىدىغان تۇيغۇدا باشلاش كېرەك. تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار قاتتىق ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭى ۋە ئالىيجاناب كەسپىي ئەخلاق كۆز قارىشى تۇرغۇزۇش لازىم. خەتنى تۈزىتىش ۋە تەھرىرلەشنىلا مەقسەت قىلماي، چىقارغان، نەشر قىلغان كىتابنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

سىرتنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن سىرتنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئاكتىپ پائال ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

بۇ جەرياندا تەھرىر خىزمەتچىلىرى توغرا بولغان نەزەرىيە ۋە سىياسىي نىشاندا چىڭ تۇرۇپ، ھەممىدە پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئىلغار مەدەنىيەت قۇرۇشتا ئۆزىمىزنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىمىزنى قوشۇشىمىز كېرەك.

(ئاپتور: شىنجاڭ مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىن)


## بىلدۈرگۈ

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق سانلىرىدىن 2012 - يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017

# تەكلىماكاندىكى ئابىدە — مازار تاغ



**مەتسەئىدى مەتقاسىم**

مەن كىچىك چاغلىرىمدا مەھەللىمىزدىكى بەزى پېشقەدەملەردىن تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرىسىدا «مازارتاغ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاش تاغنىڭ بارلىقىنى، غار-ئۆڭكۈرلىرىنىڭ ئاجايىپ سۈرلۈك ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ يەردە نۇرغۇن ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇلار يەنە مازارتاغ ھەققىدە قىزىقارلىق ئەپسانە-رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ، بالىلىق قەلبىمنى سىر-تىلسىمات دۇنياسىغا باشلاپ كىرەتتى.

«مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 10-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 11-ئەسىرنىڭ بېشىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى قاراخانىلار سۇلالىسى بىلەن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش بولغانىكەن. ماجان خان دەپ ئاتىلىدىغان ئۇدۇنلۇق بۇددا مۇرىتى ئىسلام قوشۇنلىرىغا خۇپىيانە ئاخبارات يەتكۈزۈۋاتقاندا، بۇددا مۇرىتلىرى بۇنى سېزىپ قېلىپ، مۇشۇ جايدا ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن قاراخانىلار سۇلالىسى ئۇدۇننى بېسىۋېلىپ، غەلبىنى قولغا كەلتۈرگەن ھەمدە كېيىنكىلەرنىڭ تاۋاپ قىلىشى ئۈچۈن بۇ مازارنى ياساپ قويغانىكەن»①.

مازارتاغ ھەققىدە يەنە مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

«ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھەزرىتى ئىمامى ئەلى ۋاپات بولۇش ئالدىدا بالىلىرىغا:

— مەن نەپەس ئۈزگەندىن كېيىن دۇلدۇلغا مىنگەن بىر چۈمبەللىك كىشى كېلىپ، مېنىڭ جەسىتىمنى ئېلىپ كېتىدۇ. سىلەر ئۇ ئادەمدىن دادامنى نەگە ئېلىپ بارىسىز؟ دەپ سورىماڭلار، — دەپ ۋەسىيەت قىلىپ كۆز يۇمۇپتۇ. دېگەندەك دۇلدۇلغا مىنگەن چۈمبەللىك كىشى كېلىپ ئىمامى ئەلىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا شەيتان ئىمامى ئەلىنىڭ بالىلىرىنىڭ كۆڭلىگە:

— داداڭلارنىڭ جەسىتىنى ھېچكىم كۆرمىگەن يات بىر ئادەم كۆتۈرۈپ كېتىۋاتسا، ئۇنىڭدىن سوراپ تۇرغىنىڭلار نېمىسى؟ نېمىشقا ئۇنىڭدىن بىر ئېغىز بولسىمۇ گەپ سوراپ باقمايسىلەر؟ — دەپ ئېزىقتۇرۇشقا باشلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئىمامى ئەلىنىڭ بالىلىرى ھېلىقى كىشىگە:

— ئىلتىپات قىلىپ، دادامنىڭ قەبرىسىنى نەدىن ئىزدەيدىغانلىقىمىزنى دەپ بەرگەن بولسىڭىز؟ — دەپتۇ.

— ھەي بالىلىرىم، مەن سىلەردىن مۇشۇنداق گەپلەرنى سورىماڭلار دېگەن ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ چۈمبەللىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كىشى يۈزنى ئىچىپ، بۇ ئەسلىي ئىمامى ئەلىنىڭ روھى بولۇپ، يۈزنى ئاچقاندا چىرايى ئېنىق كۆرۈنۈپتۇ:

— ئۆزۈڭلارغىمۇ قىلدىڭلار، ماڭىمۇ قىلدىڭلار، ئەمدى مەن سىلەر بىلەن كۆرۈشەلمەيمەن، ناۋادا قەبرەمنى تاپمەن دېسەڭلار مازارتاغدىن ئىزدەڭلار، — دەپتۇ ئۇ.

دۇلدۇللۇق كىشى شۇنداق دەپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئىمامى ئەلى ئەسلىدە ئاللاتائالاغا:

— ئى خۇدا، مەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، روھىمنى دۇلدۇلغا مىندۈرۈپ، جەسىتىمنى ئېلىپ كېتىشكە ئەۋەتسەڭ. مەن يەنە ئەسلىمگە كېلىپ، روھلارغا قوشۇلۇپ، پۈتۈن ئالەمنى بىر قېتىم ساياھەت قىلىپ چىققۇالسام، كېيىن قەبرەمنى باللىرىمنىڭ چۈشىدە زاھىر قىلىپ قويساڭ، — دەپ ئىلتىجا قىلغانىكەن. ئاللاتائالا ئىمامى ئەلىنىڭ بۇ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ كۆڭلىگە سالغانىكەن.

ئەمما ئىمامى ئەلىنىڭ باللىرى سورىمايدىغان گەپنى سوراپ قويغانلىقى ئۈچۈن بۇ سىر ئاشكارىلىنىپ، ھازىرقى دەۋرگىچە تارقىلىپ يۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىمامى ئەلىنىڭ ئالەمدە قىلىدىغان ساياھىتى باشلىنىپتۇ. ئۇ ئۇچار دۇلدۇلغا مىنىپ، شەھەرمۇشەھەر، يۇرتمۇيۇرت ھەممىنى كېزىپ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، تاغدەك دۆۋىلەنگەن قوي گۆشلىرى بىلەن ئۇنى كۆتۈرۈپتۇ. ئۇ بىلىپتۇكى، بۇ دۈشمەنلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن يۇرت- يۇرتلاردىكى خەلقلەردىن بۇلاپ كەلگەن ئاش- ئوزۇق تەييارلىقى ئىكەن، ئىمامى ئەلى دۇلدۇل ئۈستىدە تۇرۇپ ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىپتۇ.

ئىمامى ئەلىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بوپتۇ. يەنى دۈشمەنلەرنىڭ يېمەكلىكلىرى بىردەمدىلا تاغقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭغا شۈكرانە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئىمامى ئەلى ئاشۇ تاغنىڭ ئۈستىگە قونۇپ، ئىككى رەكەت شۈكرانە ناماز ئوقۇپتۇ. دۇلدۇلغا ئوقۇر ياساپ يەم بېرىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەنە ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. كېيىن بۇ يەرگە ئەسكەرلەر يېتىپ كېلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن جەسەتلىرىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار تاغ ئۈستىگە چىققاندا ئىمامى ئەلىنىڭ سەجدە قىلغان يېرىنىڭ ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغانلىقىنى، دۇلدۇلغا ياسالغان ئېغىل، يەم بەرگەن ئوقۇرنى كۆرۈپ:

— بەلكىم ئىمامى ئەلى ئوغۇللىرىغا دېگەن مازارتاغ مۇشۇ بولسا كېرەك، — دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇلار يەنە بۇ تاغنى مازارتاغ دەپ ئاتاپتۇ. بىر نەچچە يىلغىچە بۇ تاغنى ئۇلۇغلاپ، خالىس نەزىر قىلىپ تۇلۇملارنى ئېسىپتۇ، مەخسۇس دۇئا- تىلاۋەتچىلەرنى قويۇپ ئۇلارغا ئۆي سېلىپ بېرىپتۇ»②.

مەن 2004- يىلى كۈزدە ياپونىيەلىك ساياھەتچىلەر بىلەن دەريا بويىدىن تۆگىگە ئولتۇرۇپ، تۆت كۈندە 90 كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ خوتەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا يېتىپ كەلدىم. بۇ مېنىڭ مازارتاغنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. قۇملۇقتىكى بۇ ھەيۋەتلىك تاغ خۇددى چۈشلەردىكى ساماۋى تاغلاردەك شۇنچە سۈرلۈك ھەم ھەيۋەت كۆرۈنەتتى. ھىلال ئاي بىلەن يۇلتۇزلار ئۇنىڭ ئەتراپىنى پەرۋانىدەك ئايلىناتتى. كېچىدىكى بۇنداق تاماشا كىشىنى ئىختىيارسىز رىۋايەت- چۆچەك دۇنياسىغا باشلاپ كىرەتتى.



مەن 2010- يىلدىن 2012- يىلغا قەدەر مازارتاغقا بېرىش ئۈچۈن قاراقاش دەرياسىنى بويلاپ، ناھىيە مەركىزىدىن 170 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۇزلۇق ئوتاققا، ئۇ يەردىن قوشلاشقا، يۇرۇڭقاش دەرياسىنى بويلاپ تەۋەككۇل ۋە ئىسلامئاباتقا جەمئىي تۆت قېتىم باردىم. لېكىن مېنى ئۇ يەرگە باشلاپ بارىدىغان تۆگىچىلەر ۋە ماشىنا ئىگىلىرىگە بېرىدىغان پائالىيەت راسخوتوم يېتەرلىك بولمىغاچقا، قۇمغا چۈشكەن غازاڭدەك سولىشىپ قايتىپ چىقتىم. لېكىن، جاھىل مىجەزىم مېنى 2013- يىل 3-

ئايىنىڭ 15 ـ كۈنى ئارال قۇملۇق يولى ئارقىلىق تەۋەك-
كۇل يېزىسىغا سەرەپ ئاپاردى. مەن ئۇ يەردىكى كېرىيە-
دىكى فولكلور تەتقىقاتچىسى مەھمۇدجان سىدىق بىلگىيار،
تەۋەككۇلدىن چىققان ياش يازغۇچى تۇرسۇنجان غوجىئاب-
دۇللا، تەۋەككۇل رادىيو ئىستانسىسى «تەۋەككۇل ئاۋا-
زى» پىروگراممىسىنىڭ رىياسەتچىسى ئېزىز ئىمىنتوختىلار
بىلەن يېرىم كۈن تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، ئەتىسى ئە-
تىگەن مازارتاغقا قاراپ يول ئالدۇق. تەۋەككۇلدىن 107
كىلومېتىردەك يول ماڭغاندىن كېيىن، يول بويىدىكى «ما-
زارتاغ»، خەنزۇچە «红白山» (قىزىل ئاق تاغ)
دېگەن ۋىۋىسكا يېزىلغان كىچىك بىر كېچىككە يېتىپ
كېلىپ، ئۇ يەردىن شەرققە قاراپ، ئورمانلىق ئارىسىدىكى
ئالتە كىلومېتىردەك چىغىر يولنى بېسىپ، خوتەن دەرياسى-
نىڭ ئىچىگە كىرىپ كەلدۇق. بۇ يەردىكى دەريانىڭ كەڭ-
لىكى بىر كىلومېتىردەك كېلەتتى. دەريا قېنى كەڭ بولسى-
مۇ، لېكىن سۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. ماشىنا يەنە ئۈچ قېتىم
قۇمغا چۆكۈۋېلىپ، بىزنى ئىككى سائەتتەك ئاۋارە
قىلدى. ئاخىر ماشىنىنى تۇرغان يېرىدە قويۇپ قويۇپ،
كىشىلەرگە ئەگىشىپ، دەريا ئىچىدە بەش ـ ئالتە كىلومېتىر-
دەك مۇساپىنى پىيادە باستۇق. دەريانىڭ غەربىي قىرغىقى-
دا مازارتاغنىڭ غۇۋا سىيماسى كۆرۈندى. دەريانىڭ ئوتتۇ-
رىسىدا تۇرۇپ قارىغاندا، قىزىل تاغ بىلەن ئاق تاغنىڭ
پاسىلىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. بىز «كۆرۈن-
گەن تاغ يىراق ئەمەس» دېگەنلەرنى خىيالىمىزدىن ئۆت-
كۈزۈپ، دەريا ئىچىدىكى كىچىك تارامالارنى كېچىپ
ئۆتتۇق. ئىچكىرىلەپ ماڭغانسېرى ئۇپۇقتا بىر قىزىل
سىزىق كۆرۈندى. بۇ قىزىل سىزىق دەسلەپتە ئۇزۇن
كەتكەن كارىدورغا، بارا ـ بارا ئېگىز سېپىلغا، ئارقىدىن
چوققىسى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان مازارتاغقا
ئايلاندى. مازارتاغ خۇددى ئوتتۇرا قىسمىدىن بىر پاسىل
سىزىقى بىلەن ئايرىپ قويۇلغاندەك قىزىل تاغ ۋە ئاق
تاغقا بۆلۈنگەنىدى. شۇنداق قىلىپ بىز ئاخىر مازارتاغقا
يېتىپ كەلدۇق.

مازارتاغ ــ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي قىسمى-
دىكى قۇملۇقتىن باشلىنىپ، خوتەن دەريا ساھىلىغا تۇتۇ-
شاتتى. مارك ئاۋرېل ستەيىننىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ شەكلى
يەكەن دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مارالبېشى بىلەن
تۇمشۇق ئەتراپىدىكى يالغۇز تاغ تىزمىسىنىڭ گېئولوگىيە-



لىك قۇرۇلمىسى بىلەن ئوخشاپ كېتەتتى. بوشلۇقتىن تار-
تىلغان سۈرەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ خۇددى تەكلىماكان
قۇملۇقىدىن شەرققە قاراپ ئۇچۇۋاتقان بۈركۈتكە ئوخ-
شايتتى. مازار تاغنىڭ كۈن نۇرى چۈشىدىغان ئالدى
يۈزى قىزىل، ئارقا يۈزى ئاق بولغاچقا، «قىزىل تاغ ــ
ئاق تاغ» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا
يەنە يەرلىك كىشىلەر ئارىسىدا بۇ تاغنىڭ قىزىل يۈزى
بىلەن ئاق يۈزىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «گۆش تاغ»،
«ئۇن تاغ» دەپ ئاتايدىغان ئادەتمۇ بار ئىدى. مازار-
تاغنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە دوكتور سېۋىن ھېدىن
كەزگەن «ھايات ـ ماماتلىق باياۋان»، غەربىي جەنۇب تە-
رىپىدە خوتەننى ئاساسلىق گاز بىلەن تەمىنلەيدىغان تەبى-
ئىي گاز پونكىتى، شەرق تەرىپىدە كېرىيە ناھىيەسىنىڭ
دەريا بويى بوستانلىقى، شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە دەندان
ئۆيلۈك ۋە راۋاق قاتارلىق خارابىلىكلەر، جەنۇب تەرىپى-
دە قاراقاشنىڭ كاۋاك يېزىسى، تۈزلۈق ئوتاق رايونى،
خوتەن ناھىيەسىنىڭ ئىسلامئاباد ۋە تەۋەككۇل يېزىلىرى
بار ئىدى. يېڭىيەر يېزىسىدىن تۇتاشقان قۇملۇق تاشيولى
ئارقىلىقمۇ مازارتاغقا يېتىپ كەلگىلى بولاتتى. مانا بۇ
يەردە تۆگىنىڭ لوكسىدەك تۇتاش كەتكەن قۇم بارخانلى-
رى، ئەتلەستەك يېيىلغان قۇملۇق، ھەرە كۆنىكىدەك ئويد-
مانلار، خوتەن گىلىمىدەك رەڭدار ئورمانلىق، ئاق قاشتې-
شى ياكى كۈمۈش ئېرىتمىسى ئاقىدىغان خوتەن دەرياسى،
دەريا ساھىلىدىكى چۈچۈكبۇيا، توشقان زەدىكى، ئالقات،
يانتاق قاتارلىق تەبىئىي دورا ماتېرىياللىرى گىرەلىشىپ،
ئۇستا رەسسامنىڭ ئەڭ نەپىس سىزغان رەسىمىدىن نەچچە
ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىغان ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە شە-
كىللەنگەنىدى.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



مەن سەپەرداشلىرىم بىلەن بىرلىكتە ئاق تاغ بىلەن قىزىل تاغ ئارىسىدىكى جىرا ئارقىلىق قىزىل تاغ چوققىسىغا چىقتىم. بۇ چوققىدا قەدىمىي قەلئە ئىزى بار ئىدى. بەزى ساياھەتچىلەر قەلئەنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ سەيلە قىلىۋاتاتتى. يەنە بەزىلەر رىۋايەتتىكى ماجان خاننىڭ قەبرىسىگە دۇئا قىلىپ ئولتۇراتتى. دەريا ساھىلىدا شامالنىڭ كۈچى سەل ئاجىز بولسىمۇ، تاغ ئۈستىدىكى شامال كۈچى ئۈچ بال ئەتراپىدا چىقىپ تۇراتتى. مەن تاغنىڭ لېۋىگە كېلىشىمگە كۈچلۈك شامال چىقىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدىم. بىز قەلئە، تۇر، سېپىل قاتارلىق ئىزلارنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ كۆزدىن كەچۈردۇق ھەم رەسىمىگە تارتتۇق. قەلئەنىڭ يىرىم ھالەتتىكى تېمى ئۈستىدە بىر ھازا ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتتىم. ھازىرغا قەدەر قەلئەنىڭ دەرۋازىسى، كۆزىتىش سۇپىسى، زەمبىرەك سۇپىسى، سېپىلى قاتارلىقلار بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان. يەنە بەزى ئەسلىھەلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، شامال ۋە قۇم-بوراننىڭ يېمىرىشى بىلەن ئۆگۈلۈپ كونىراپ كەتكەن. قەلئە جەمئىي ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تاغ ئۈستىدە تۆت چاسا شەكىللىك بىر قەلئە بار. بۇ قەلئە شەرقتىن غەربكە 29 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 29 مېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 841 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرىپىدە ئىككى ئۆي بار. مانا بۇ مەزكۇر قەلئەنىڭ 1-بۆلىكى، شۇنداقلا ئاساسلىق قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ غەرب تەرىپىدە ئېگىزلىكى 10 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى توققۇز مېتىر، كەڭلىكى يەتتە مېتىر، تېمىنىڭ قېلىنلىقى 1.5 مېتىر كېلىدىغان يەنە بىر قەلئە بار. بۇ قەلئە كۆزىتىش سۇپىسى ياكى لەشكەرگاھ بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. بۇ قەلئە مازارتاغ قەلئەسىنىڭ 2-بۆلىكى ھېسابلىنىدۇ. مازارتاغ قەلئەسىنىڭ 3-بۆلىكى يۇقىرىقى 1-، 2-بۆلەكنىڭ ئالتە-يەتتە مېتىر تۆۋەن تەرىپىدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان. ئومۇمىي كۆلى 283.5 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ شەرق تەرىپىدە بىر ئىشىك بار. ئىشىك سىرتىدا چارۋا ماللارنىڭ قەدىمىي قىغ دۆۋىلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئورۇن مازارتاغ قەلئەسىنىڭ ئاساسلىق قوۋۇقى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. مازارتاغ قەلئەسىنىڭ تاملىرى شاخ-شۇمبا ئاراشلىرىغا قىزىل چوقا تاش قىستۇرۇش، لاي پومداش، سىرتىنى سامان ئارىلاشتۇرۇلغان سېغىز لاي بىلەن سۇۋاش ئارقىلىق قوپۇرۇلغان. قەلئەنىڭ ئاستىدا يېقىنقى يىللارغا قەدەر ئامبار بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان لەخمە بار بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭ كۆپ قىسمى گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈپ كىچىككىنە قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. قەلئەنىڭ 50 مېتىر غەربىدە ئېگىزلىكى 7.5 مېتىر كېلىدىغان تۆت چاسا شەكىللىك بىر خەۋەرلىشىش سۇپىسى (تۇر)، قورغاننىڭ 20 مېتىر شەرقىي شىمال تەرىپىدە بىر بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى، 45 مېتىر شەرق تەرىپىدە بىر قەبرە، قەلئەنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ باغرىدا بىر غار بار. سېپىل تېمى بولسا توغراق ياغىچى، يۇلغۇن، توغراق شېخى قاتارلىقلارنىڭ ئاراشلىرىغا سېغىز لاينى پومداپ، سامان لاي بىلەن سۇۋاش ئارقىلىق ياسالغان. ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە ئالىمى خۇاڭ ۋېنبىي ئەپەندى «تارىم ئويمانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دە بۇ غارنىڭ تورۇسىغا سانسكرىت يېزىقى، خەنزۇچە يېزىقتىكى خەتلەر ئويۇلغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ھازىر بۇ خەتلەر ئۆچۈپ كەتكەن بولۇپ، پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. ھازىر بۇ غارنىڭ ئاغزى قۇم دۆۋىلىرىگە كۆمۈلۈپ ياتماقتا. ئەنگلىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى، ئارخېئولوگ ئاۋرېل ستەيىن 1908-، 1913-يىلى ئىككى قېتىم مازارتاغقا كېلىپ نۇرغۇن ئاسار ئەتىقىلەرنى قېزىپ ئېلىپ كەتكەن. ئۇ مازارتاغ قەلئەسىنى ئۆلچىگەن ھەم قېزىش جەريانىدا تېببىتچە ۋەسىقە، كىتاب، قومۇش قەلەم، ياغاچ ئاچقۇچ، ساپال تەخسە، ساپال چىنە، گەج قېلىپى، ئىدىش، يارماق قاتارلىق بۇيۇملارنى تاپقان. ئۇ خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغان: «بۇ ئاددىي يادىكارلىقلار قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ كىچىك ئۆتەڭنىڭ ئومۇمىي تۇرمۇش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىر قىسىم دەستىسى بار يا ئوقلىرى بۇ يەردە مۇھاپىزەتچى قىسمىنىڭ تۇرغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىر قىسىم زىننەتلەنمىگەن يا ئوقى دەستىسمۇ بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ تېرە بار قىسمى يوپۇرماق شەكلىدىكى بىرونزا بىلەن زىننەتلەنگەن. يۇلغۇندىن ياسالغان ياغاچ ئوقيا قالدۇقى، قىسقا شەمشەر ۋە پىچاقنىڭ ياغاچ دەستىسى قاتارلىقلارمۇ بار. بۇلاردىن باشقا يەنە تاشلىۋېتىلگەن قوي يۇڭى ۋە كىگىزدىن تىكىلگەن ھەر خىل ئاياغلار بار ئىدى، بەزى

ئاياغلار ئوخشىمىغان ئۇسلۇبتا تىكىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىلىنىشى بىلەن چوڭ نومۇرلۇق رازمېرى قەدىمكى ئەتلەسكە ئوخشايدۇ. ئېتىز قىرىدىكى دىلى ئۆزگەرگەن. بىر مەزگىللەرنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئۆزگەرتمىگەن. كۆپ ساندىكى توقۇلما بۇيۇملارنىڭ قالدۇقى ئېنىقلا يۇڭ كىيىملەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، كۆپىنچىسى سۆسۈن قىزىل رەڭلىك ياكى قىزىل رەڭلىك ئىدى. نەپىس يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار، بولۇپمۇ يىپەك بۇيۇملار كەمچىل بولغاچقا، بۇ يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. پەقەت بىر دانە كىمخاب پارچىسى بايقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ توقۇلۇشى مىرەندىكى تىبەت قەلئەسىدىن تېپىلغان بىر پارچە كىمخاب رەخت بىلەن ئوخشايدۇ. ئىككى جۈپ ياغاچ چوكىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. بېلىق تورىنىڭ قالدۇقى دەرياغا كەلكۈن كەلگەندە بېلىق تۇتقىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ياغاچتىن ياسالغان شىشخال ئۇستىدىكى تۆشۈكلەر ياكى سىزىلغان قارا يۇملاق ھالقىلارنىڭ تىزىلىشى مىرەندىكى قورغاندىن تېپىلغانلىرى بىلەن ئوخشايدۇ. بۇ ئېنىقلا تىبەت ئەسكەرلىرى ئارىسىدا بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنىنىڭ ئوموملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىر قىسىم ياغاچتىن ياسالغان، ئېغىزى لاي بىلەن ئېتىلگەن قۇتىلارنىڭ شەكلى دۇنخۇاڭ چيگرا رايونىدىكى ئۆتەڭلەردىن تېپىلغان شۇ خىلدىكى بۇيۇملارنىڭ شەكلى بىلەن ئوخشايدۇ. ئەخلەت دۆۋىسىنى رەتلەۋاتقاندا كۆپ مىقداردا تىبەتچە، ئۇدۇنچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنىڭ قالدۇقى بايقالدى» ③.

«چۈنيۈەن جوڭباۋ» پۇلى، «دالى يامبۇسى»، كۇسەن مىس پۇلى، چيەنلۇڭنىڭ 1-يىلىدىكى مىس پۇل، تاشپاقا شەكىللىك قىزىل ساپال تەخسە، قىزىل چوقىدىن ياسالغان بۇت قېلىپى، تۆت قىرلىق ئوقيا بېشى، ياغاچ، يۇڭ، مېتال، كۆن-خۇرۇم بۇيۇملىرى، قىزغۇچ ساپال پارچىلىرى، تۈبۈت يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، خوتەن ساك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈك، ۋەسىقە، خەت-چەك قاتارلىق نۇرغۇن قىممەتلىك بۇيۇملار تېپىلغان. بولۇپمۇ، بۇ يادىكارلىقلار ئىچىدە تۈبۈت يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەر ناھايىتى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. يەنە كېلىپ بۇ بۇيۇملارنىڭ كۆپ قىسمى تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق بۇيۇملار ھېسابلىنىدۇ. ئارخېئولوگلار مازارتاغ قەلئەسىنى 1500 يىللىق تارىخقا ئىگە دەپ قاراپ كەلمەكتە. مازارتاغ قەلئەسى بۇددا دىنى، ئىسلام دىنىنىڭ خوتەن رايونىغا تارقىلىش تارىخىنى، بولۇپمۇ 7-ئەسىردىن 10-ئەسىرگىچە خوتەن رايونىدا يۈز بەرگەن سىياسىي، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مول پايدىلىنىش قىممىتىگە، شۇنداقلا زور ساياھەتچىلىك ئەۋزەللىكىگە ئىگە. بۇ ئورۇن 1999-يىل 7-ئاينىڭ 29-كۈنى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى»، 2006-يىل 5-ئاينىڭ 25-كۈنى «دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنغان. ھازىر بۇ جاي خوتەن ۋىلايىتى بويىچە نۇقتىلىق ساياھەت رايونىغا ئايلىنىپ، ھەر يىلى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن نەچچە 1000 ساياھەتچىنى كۈتۈۋالماقتا.

**ئىزاھلار:**


① «مازارتاغ ھەققىدە ئىككى رىۋايەت»، «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»، 8-قىسمى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىللىق 1-نەشرى، 46-، 47-بەت.

② «مازارتاغ ھەققىدە ئىككى رىۋايەت»، «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»، 8-قىسمى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىللىق 1-نەشرى، 47-، 48-، 49-بەت.

③ مارك ئاۋرېل ستەين، «تەكلىماكاندىن ئۆتۈش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010-يىلى 1-نەشرى، 386-، 387-، 388-بەت.


(ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)



**دەريا ساھىلىدىكى قالدۇق خارابە**

مازارتاغ قەلئەسىدىن ھازىرغا قەدەر تاڭ دەۋرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئازنا مەسچىت ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدە بىناكارلىق قۇرۇلمىسى



ئەركىن ئاۋۇت

**ئىلاۋە:** گەرچە يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان ئازنا مەسچىت كونىراپ كەتكەنلىكتىن، دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا بولمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەدىمىي، ئۆزگىچە قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى نۇرغۇن ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. ئازنا مەسچىتنىڭ ئۆزگىچىلىكى ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئازنا مەسچىت ــ يەكەن ناھىيەسىدىكى قەدىمىي مەسچىتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىچە لايىھەلىنىشى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدا يېگانە يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئازنا مەسچىت ــ يەكەن ناھىيەسىنىڭ يەكەن بازىرى چاسا ئاھالىلەر كومىتېتى مۇنار تۇۋى (مەختىمگەلىك) مەھەللىسىدە بولۇپ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1901 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1524 كۋادرات مېتىر.



(ئازنا مەسچىت دەرۋازىسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى)

بۇ مەسچىت يەنە «قىرىق گۈمبەز مەسچىت»، «ئۇلۇغ مەسچىت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ مەسچىتنىڭ ياسالغان ۋاقتى مىلادى 1467 - يىلدىن 1504 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ چاسا شەكىلدە ياسالغان بولۇپ، دىيامېتىرى 2.6 مېتىر، ئېگىزلىكى 5.5 مېتىردىن كېلىدىغان 51 دانە كىچىك گۈمبەز ۋە دىيامېتىرى 7.9 مېتىر، ئېگىزلىكى 12 مېتىر كېلىدىغان چوڭ گۈمبەزدىن ھەمدە دىيامېتىرى 2.8 مېتىر كېلىدىغان 52 تۈۋرۈكتىن تەركىب تاپقان. تۈۋرۈكلەر ئىنتايىن رەتلىك جايلاشتۇرۇلغان.



(كىچىك گۈمبەزلەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى)

مەسچىتنىڭ مەركىزىي گۈمبىزىنىڭ ئۈستىگە راۋاق چىقىرىلغان. راۋاقنى مەركەز قىلىپ سىممېترىك ھالدا سەككىز تالاغا بۆلۈنۈش كاھىشلىق قاپارتما چىقىرىلغان. ھەربىر تالانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا بىردىن روجەك قويۇلغان بولۇپ، تۆتى ئوچۇق پەنجىرىلىك ھالەتتە، قالغان تۆتى ئىچىدىن دۈگىلەك نەقىش بىلەن ساقالانغان. نەقىشنىڭ ئا رىسىغا ئەرەبچە پۈتۈكلەر ئويۇلغان (مەسچىت دەسلەپ يا- سالغاندا بۇ روجەكلەرنىڭ ھەممىسى ئوچۇق ياسىلىپ كې- يىنكى رېمونت قىلىنىش جەريانىدا تۆتى ئېلىۋېتىلگەنلىكى



(چوڭ گۈمبەزنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى)

ياكى دەسلەپتىلا شۇنداق ئىكەنلىكى نەمەلۇم. ئەمما گۈمە- بەزنىڭ سول تەرىپىدىكى بىرسىنىڭ ئىچىگە رېمونت قىلىن- غان يىلنامە ئويۇلغان. ھازىر بۇ مەسچىت ئۇزاق يىللاردىن بۇيان رېمونت قىلىنماي، كونىراپ خەتەرلىك ھالدا كېلىپ قالغاچقا، ئۈستىگە چىقىپ تەكشۈرۈشكە ئامال بولمىغان).

گۈمبەزلەرنىڭ ئىچى گەچ بىلەن سۇۋالغان. مەسچىت دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى كىچىك ئەزان مۇنارى بار. مەسچىتنىڭ ئىچىدە جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان ياغاچ تۈۋرۈكلۈك كاھىۋان بار. مەسچىتنىڭ غەربىي تام تەرىپىدە ئىككى دانە كىچىك ئىشىك بولۇپ، مەسچىتنىڭ ۋەخپە ئۆيلىرىگە چىققىلى بولىدۇ. جەنۇب تە- رەپتە ئىشىك بار، بۇ ئىشىك ئارقىلىق چوڭ يولغا چىققىلى بولىدۇ. مەسچىت سەيناسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچ تۈپ تاۋغاچ دەرىخى، بىرقانچە تۈپ سېدىمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئەينى ۋاقىتتا سۇ ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بىر چاچاپلىق قۇدۇق بار (دەرۋازىدىن كىرىشتە سول تەرەپ- تە). دەرۋازىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە ياغاچتىن يا- سالغان شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 21 مېتىر، كەڭلىكى ئۈچ مېتىرلىق پېشايۋان بار. مەسچىتنىڭ دەرۋازا راۋىقى- نىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى كىچىك راۋاق مۇنارى بولۇپ، مەسچىتنىڭ تاملىرى پىششىق خىش، توپا لاي بىلەن سېلىنغان بولۇپ، ئارىلىقىغا گەچ، ھاك بىلەن ئەن كەلتۈرۈلگەن. مەسچىت مىلادى 1679 ــ 1808 - يىللىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم رېمونت قىلىنغان. بۇ مەسچىت ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 1999 - يىلى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇق- تىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنغان.

**مەسچىتنىڭ سېلىنىش ئالاھىدىلىكى:**

ئازنا مەسچىت ــ يەكەندە شەرقىي چاغا- تاي خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرى مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋات- قان دەۋرلەرگە (1467 ــ 1504 - يىللار) توغرا كېلىدۇ. مەسچىتنىڭ سېلىنىشى توغرىسىدا يەكەندىكى پېشقەدەم ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ ئاغ- زىدا خاتىرىلەنگەن رىۋايەتلەرگە ۋە «تارىخىي رەشىدىي» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ئازنا مەسچىتنىڭ سېلىنىش سەۋەبى مىرزا ئابا- بەكرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ قارىشىمىزنى دە- لىللەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مىرزا ئابابەكرىنى چۈشىنىش- كە توغرا كېلىدۇ. مىرزا ئابابەكرى تۇغلۇق تۆمۈر زامانى- سىدىن باشلاپ خانلىقتا مۇھىم ئەمەل تۇتۇپ كەلگەن خۇ- دايدات جەمەتىنىڭ ۋارىسلىرىدىن بىرى بولۇپ، قەشقەردە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن سانىز مىرزىنىڭ چوڭ ئوغلى. مىرزا ئابابەكرى 1467 - يىلى يەكەندە ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ (ئەنۋەر بايتۇر، خەيرى- نسا سىدىق ــ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ــ 889 - بەت)، تاكى 1480 - يىلىغىچە (ھىجرىيە 885 - يىلى) تەسىر دائىرىسى جەنۇبتا خوتەندىن شىمالدا ئىسسىقكۆل، ئەنجانغىچە، غەربتە لەئىلى بەدەخشانغىچە بولغان ھاكىمى- يىتىنى تولۇق مۇستەھكەملەيدۇ. «تارىخىي رەشىدىي»دە كۆرسىتىلىشىچە مىرزا ئابابەكرى يەكەندە 48 يىل ھاكىمى- يەت يۈرگۈزۈش جەريانىدا خەلققە ئىنتايىن ئېغىر كۈلپەت- لەرنى سالغان. ئۆزىنىڭ يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئەسكىلىكلەرنى قىلغان. ھەتتا ئۆز ئىنسىنىڭ كۆزىگە مىل تارتىپ ئەما قىلغاندىن باشقا، ئۆز ئانىسى جامال ئاغىچىنىمۇ زىندانغا تاشلاپ بىر يىل قاماپ قويغان. تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ھېسابسىز مال-دۇنيا توپلىغان («تارىخىي رەشىدىي»، 2-كىتاب، 558-، 564-بەتلەر). مىرزا ئابابەكرى بۇ قەدەر زالىملىقىنىڭ ئۈستىگە تائەت-ئىبادەت، خەير-ئېھسان، سەدىقە-ساخاۋەت، ئۆشرە-زاكات... قاتارلىق ئىشلارغىمۇ ھېرىسمەن ئىدى. بۇ ئىشنى بىردەممۇ تەرك قىلمايتتى. دائىم ئالىملار ۋە ئۆلىمالارنىڭ مەجلىسلىرىدە بولاتتى («تارىخىي رەشىدىي»— 565-بەت). دېمەك، مىرزا ئابابەكرىنىڭ مىجەزدىمۇ ئىنتايىن زىددىيەتلىك ۋە ئىككى ياقلىمىلىقلا ئىگە ئەكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنىڭ زامانىسىدا نۇرغۇن قۇرۇلۇش-ئىمارەتلەر بىنا قىلىنغانىكەن. ئازنا مەسچىتىنى باشقىمۇ نۇرغۇن مەسچىتلەرنى سالدۇرغانىدى. مىرزا ئابابەكرى يەكەن (ياركەنت) نى پايتەخت قىلغاندىن كېيىن ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى چاپتۇرۇپ، قانچىلىغان باغلارنى قۇرۇپتۇ. ئەل ئاغزىدا: «مىرزا ئابابەكرى 12 مىڭ باغ قۇردۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياركەنتكە تەۋە يۇرتلاردا، دېگەن سۆزلەر تارقىلىپ مەشھۇر بولۇپتۇ...»، «مىرزا ئابابەكرى ياركەنتتە بىر قەلئە سالدۇرۇپتۇ...»، «مەھەللىلەردە ئونغا يېقىن باغ بىنا قىلدۇرۇپتۇ، بۇ باغلاردا ئالىي ئىمارەتلەرنى قۇرۇپتۇ... ئۇلارنىڭ گۈمبەز ۋە چاقچۇقلىرىنى پۈتۈنلەي گەجكارلىق، كاھىشكارلىق ھەم رەڭگا رەڭ نەقىش ۋە سۈرەتلەر بىلەن بېزەپتۇ...»، («تارىخىي رەشىدىي»— 634-، 635-بەتلەر) يۇقىرىقى بايانلاردىن مىرزا ئابابەكرىنىڭ يەكەندە نۇرغۇن قۇرۇلۇش-ئىمارەتلەرنى ۋە مەسچىت-مەدرىسلەرنى ياساتقانلىقىنى بىلەلەيمىز. دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن شۇ دەۋرگە مەنسۇپ ئەڭ كاتتا بولغان ئىمارەتلەردىن ئازنا مەسچىتىنىڭ دەرۋازا، مۇنار، راۋاق، تاكچا، تۈۋرۈك ۋە تاۋدان (روجەك) لەرىدىكى گەجكارلىق، كاھىشكارلىق ۋە نەقىش سۈرەتلەر شۇ دەۋر بىناكارلىقىنىڭ ئېسىل نەمۇنىسى سۈپىتىدە دىققەتكە سازاۋەر بولىدۇ.



شۇ زاماندا خەلق ئارىسىدا بىر قوشاق توقۇلغان:

مىرزا ئابابەكرى شەھەر سالدى بەجايىكى بېقىش،
تىرىكلىرىگە ئالۋاڭ سالدى، ئۆلۈكلىرىگە خىش.

ھازىر ئازنا مەسچىتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا 100 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا ھويلا، ئۇنىڭ ئالدىدا تارغىنە مەھەللە يولى بولۇپ، ئەتراپ پۈتۈنلەي ئۆيلەر بىلەن توشۇپ كۇجۇم مەھەللە شەكىللەنگەن. بىزنىڭ قارىشىمىزچە ھەممە يەكەندىكى قەدىمىي مەسچىتلەرنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، مىرزا ئابابەكرىدەك قاتتىق قول ھۆكۈمدار تەرىپىدىن ياسالغان مەسچىت، مەدرىس، ۋەخپە ئۆي، سەينا، كۆل قاتارلىقلار شۇ دەۋردىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىمىزنىڭ نەمۇنىسىنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە ھازىرمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. «تارىخىي رەشىدىي» ناملىق كىتابتىكى بايانلارغا ئاساسلىنىپ بۇ مەسچىتنىڭ ئورنىنى مىرزا ئابابەكرى ياساتقان ئەرك قەلئەسى (خان ئوردىسى) نىڭ ئىچىدە ياكى يېنىدا دەپ جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ۋەھالەنكى، نەچچە 100 يىللىق بوران-چاپقۇن جەريانىدا مەسچىتنىڭ سەينا، كۆل، ۋەخپىلىرى بۇزۇلغان ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن ئىگىلەپ كېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

**ئازنا مەسچىتنىڭ سىلىنىش ئارقا كۆرۈنۈشى:**

مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئاخىرقى

مەزگىللەردە مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئانىسى جامال ئاغىچا بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە تۈۋرۈكلىرى ئالتۇندىن، ئۆگزىسى تاشتىن بىر قەلئەنى كۆرۈپتۇ. ئوردا ئەھكاملىرى چۈش تەبىرىدە: «پاسىبانىمىزغا ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىشتىن بېشارەت بوپتۇ، ئانا سۈتى ھۆرمىتىدە پەرزىنى ئادا قىلماق ۋاجىپتۇر» دەپ مەسلىھەت بېرىشىپتۇ. مىرزا ئابابەكرى ئۆزىنىڭ ياش ۋاقتىدا ئانىسىغا قىلغان ۋاپاسىزلىقىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش، ئانىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئوردا ۋەزىرلىرى، ئوردا تېۋىپلىرى، ئوردا مەسلىھەتچىلىرىنى يىغىپ ئانىسىنىڭ ئارزۇسىنى بايان قىلىپتۇ، بۇ چاغدا بىر قىسىم ئوردا ۋەزىرلىرى خەيرلىك بولغىدەك، دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. ئەمما، ئوردىنىڭ باش تېۋىپى بۇ تەكلىپكە قوشۇلماي: «پاسىبانىمىز بولسا دۆلەتنىڭ ئانىسى، ئارزۇسىنى قاندۇرۇشقا تېگىشلىك. ئەمما، ھەج سەپىرى ئاتلىق مەپە بىلەن بېرىپ كېلىش بىر يىللىق سەپەر، بۈزرۈكۋارىمىزنىڭ ھازىرقى سالامەتلىك ئەھۋالىدىن قارىغاندا بۇ سەپەرگە تەۋەككۇل قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا قايتا ئويلاشقايلا ئالىيلىرى» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. ئۆمرىدە باشقىلارنىڭ مەسلىھەتىگە ئەزەلدىن قۇلاق سالمايدىغان مىرزا ئابابەكرى تۇنجى قېتىم ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە كۆنۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ھەممە ئوردا ئەھلىگە زادى قانداق قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت سورايدۇ. «قايسىلىرىنىڭ ياخشى تەكلىپ- مەسلىھەتى ھەم ھەل قىلىش چارىسى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغايسىلەر» دەپ باشقىلارنىڭ ياخشى تەدبىرى بارلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولىدۇ. ئوردا ئەركانلىرى ئۇزۇن تالاش- تارتىشلاردىن كېيىن ئاخىرىدا يەكەندە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مەسچىتكە ئوخشاش قىلىپ بىر مەسچىت ياساپ بۈزرۈكۋارغا شۇ يەرنى كۆرسىتىش مەسلىھەتى بېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوردىنىڭ خەزىنە بېگىگە بۇ ۋەزىپە تاپشۇرۇلۇپتۇ. يېقىن- يىراقتىن خەۋەر ئۇققۇچى ئارقىلىق بىر رەسسام مەككىنىڭ رەسىمىنى تەسۋىرىي سىزىپ تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن، مەملىكەت تەۋەسىدىكى بىر قىسىم بىناكار، دىلكالارنى يىغىپ بۇ قۇرۇلۇشقا ئىش باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن 384 نەپەر بىناكار، دىلكا، نىمكالار كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ 128 كۈندە بۇ مەسچىتنى، يەنى ھازىرقى يەكەندىكى ئازنا مەسچىتنى سېلىپ پۈتتۈرىدۇ. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئانىسىنىڭ بۇ مەسچىتنى كۆرگەن- كۆرمىگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. مەسچىت پۈتكەندىن كېيىن مىرزا ئابابەكرى مەسچىت سېلىشقا قاتناشقان بارلىق تېخنىكلارنى يىغىپ كاتتا زىياپەت بېرىدۇ. زىياپەتتىن كېيىن ھەربىر كىشىگە بىر پەتنۇستىن تىللا (ئالتۇن) مۇكاپات تارقىتىپ بېرىدۇ. ھەممە ھەممىسىگە تون- سەرپاي تەقدىم قىلىدى. بۇنداق ئەھۋالنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان بەزى ئوردا ۋەزىرلىرى ھەيران قالسا، بەزىلىرى قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشتى.

مەسچىت قۇرۇلۇشىغا بىر تالمۇ ياغاچ ئىشلىتىلمەي، گۈمبەز شەكىللىك قىلىپ ياسالغان بولۇپ، مەسچىتنىڭ بىرقانچە ئالاھىدىلىكى بار:

بىرىنچىدىن: ئاسترونومىيە ئۇسۇلىدىن ئالاھىدە پايدىلىنىلغان. مەسچىتنىڭ ئاستىغا زەي ئۆتمەسلىك ئۈچۈن قوغۇشۇن ئىشلىتىلگەن، مېھرابتىكى گۈمبەزنىڭ ئېگىزلىكى 12 مېتىر كېلىدۇ. گۈمبەز ئۈستىگە تۆت تاۋدان قويۇلغان. بۇ رۇجەكلەردىن چۈشكەن نۇردىن ھەر پەسىلدىكى بەش ۋاق نامازنىڭ ۋاقتىنى ئېنىق بىلگىلى بولىدىكەن.

ئىككىنچىدىن: بۇ مەسچىتنىڭ سېلىنىشىدا ئاۋاز تارقىتىش رولى بولۇپ، خاتىپ مېھرابتا ئولتۇرۇپ قىرائەت قىلسا، مەسچىتنىڭ بۇلۇڭ- پۇچقاقلىرىغىچە تولۇق ئاڭلىنىدىكەن.

ئۈچىنچىدىن: 1524 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان مەسچىتنىڭ ئۆگزىسى پۈتۈنلەي گۈمبەز شەكىلدە، ئىشىك- دېرىزىدىن باشقا يېرىگە ياغاچ ئىشلىتىلمىگەن. جەمئىي 52 گۈمبەز بولۇپ، بىر يىلدىكى 52 ھەپتە، 52 جۈمەگە سىمۋول قىلىنغان.

تۆتىنچىدىن: مەسچىتنىڭ ئېگىزلىكى 12 مېتىرلىق گۈمبەزلىك مېھراب سەھنىسى بولۇپ، بۇ ئورۇندا خاتىپ قىرائەت قىلسا مەشرىق بۇلۇڭلىرىغىچە ئاڭلىغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدا ئاۋازنىڭ تارقىلىش ئۈنۈمى ئالاھىدە ھېسابقا ئېلىنغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شۇ چاغدىكى بىناكار ئۇستىلارنىڭ مىمارچىلىق، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، فىزىكا جەھەتتە خېلى چوڭقۇر مەلۇماتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

(ئاپتور: يەكەن ناھىيەلىك مەدەنىيەت- تەنتەربىيە، رادىيو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە)





# هاۋانچا

ئابدۇكېرىم تۇردى

«هاۋانچا» دېگىنىمىز: تۆمۈر، چويۈن، تاش، ياغاچ قاتارلىقلاردىن ياسىلىدىغان دورا- دەرمەك ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يانجىش (ئېزىش)، تالقانلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۆي سايمىنى ھاۋانچا دېيىلىدۇ. بۇ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ۋە كىشىلىك تۇرمۇشتا بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈر لۇكى، لازىمچانلىقى ئالاھىدە يۇقىرى ئۆي سايمىنى. ئۇيغۇرلار يالغۇز تۆمۈردىن لازىملىق ئۆي سايمانلىرىنى سوقۇشقا ئۇستا بولۇپلا قالماي، ئەڭ نازۇك، ئىنچىكە نەپىس نەرسىلەرنى تۆمۈر، چويۈن، مىس قاتارلىق مېتاللارنى ئېرىتىپ قۇيۇپ ياساشقىمۇ ئۆزگىچە ئۇستا.

ھۈنەرگە ماھىر ئۇستاملار مەدەننى بولقا بىلەن سوقماي قۇيۇش تېخنىكىسى بىلەن ياسىغان «ھاۋانچا»، «شامدان»، «بولقا»، «چىش» قاتارلىق نۇرغۇن ئەسۋاب سايمانلارنى «قۇيما» دەپ ئاتاپ كەلگەن.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى، 3- توم، 239- بەتتە (قويما: قۇيماق خېمىرى بوش سۇيۇق يۇغۇرۇلۇپ قازاندىكى ياغقا سىلىپ پىشۇرۇلىدۇ ئاندىن ئۈستىگە شېكەر سېپىپ يېيىلىدۇ. ھەرقانداق بىر مەدەندىن بولقا بىلەن سوقماي قۇيۇش يولى بىلەن ياسالغان «ھاۋانچا»، «شامدان»، «بولقا» غا ئوخشاش ئەسۋابلارمۇ «قۇيما» دېيىلىدۇ)دەپ ئىزاھات بەرگەن.

**هاۋانچا تېشىنىڭ ياسىلىشى:**

«هاۋانچا» تېشى دېگىنىمىز: ھاۋانچا ئىچىگە سېلىنىغان يېرىك دورا- دەرمەكلىك قاتارلىق نەرسىلەرنى سوقۇپ تالقانلاش ئۈچۈن مۇھىم بولغان، ھاۋانچا ئېگىزلىكىدىن ئېگىزرەك، چوتىنىڭ سېپى ياكى كەتمەن سېپى تومۇلۇقىدىكى ئاستىنقى ئۇچى شاد شەكلىدە يۇمىلاقلانغان، ئۈستۈنكى ئۇچى يىلۋىراق قىلىپ تۆمۈر، چويۈن قاتارلىق مېتاللاردىن ياسالغان بالاچوقنى «ھاۋانچا» تېشى دەيمىز. «ھاۋانچا» چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك ھەر خىل شەكىلدە ياسىلىدۇ، چوڭ- كىچىكلىكىگە ھېچقانداق چەكلىمە قويۇلمايدۇ. بالچۇق تېشى بولمىغان شارائىتتا ھاۋانچىنى ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. بالچۇق تېشى بىلەن قېتىلىپ «ھاۋانچا» دېيىلىدۇ. تېشى بار ھاۋانچا، تېشى يوق ھاۋانچا دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «شەرھى رۇبائىياتى بولسۇفى» دېگەن قامۇسنىڭ 162 - رۇبائىيىدا ئاللامەئى مەغفۇر: كابول، ياڭاق مېغىزى، قاپاق ئۇرۇقى ئايرىلغان خورما، تۇرۇپ قاتارلىق نەرسىلەرنى «ھاۋانچا» دا ئايرىم- ئايرىم سوقۇپ تالقانلاپ، ئۇخلاش ئالدىدا ئىستېمال قىلدۇرۇپ، «قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددە كېسىلى» نى داۋالىغانلىقى «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى» 2012 - يىلى 5 - سان 35 - بەتتە قەيت قىلىنغان.

**چويۈن هاۋانچا:**

چويۈن دېگىنىمىز: تۆمۈر رۇدىسىنى ئېرىتىش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان قېتىشما چويۈن دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدىكى كاربون مىقدارى 4.5 ـ 1.7 ئارىلىقىدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يانا فوسفور، گۈڭگۈرت، سىلىسي بولۇپ پىرسىلغىلى بولمايدىغان پولات تاۋلاش قۇيمىچىلىقىدا خام- ئەشيا بولىدىغان رۇدا چويۈن دېيىلىدۇ. («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھاتلىق لۇغىتى» 433- بەت)

**چويۈن هاۋانچىنىڭ ياسىلىشى:**

چويۈن ھاۋانچا ئاساسەن قۇيۇلىدۇ، بۇنى قۇيۇش ئۈچۈن، قۇيمىچى ئۇستاملار، قۇيمىچىلىققا لازىملىق قۇمنى چويۈن ئېرىتىش ئوچىقىنىڭ لېۋىگە يېقىن تۆكۈپ،

ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن هاۋانچا قېلىپىنى ياسايدۇ. قۇيۇلىدىغان هاۋانچا قېلىپىنىڭ ئۇستۇنكى ئېغىز گىرۋىكىگە هاۋانچىنىڭ ئابىيۇمىغا قاراپ سەللە شەكىللىك پىلتە تۇملاپ، تۇملانغان پىلتە ئاستىغا، كۈن، ئاي، يۇلتۇز، هەر خىل گۈل-گىياهلارنىڭ رەسىمىنى چۈكتۈرۈپ، جەلپكارلىقنى ئاشۇرۇپ، مىللىي ئۇسلۇبنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئېرىتمىنى قۇيىدۇ.

**تۆمۈر:**

تۆمۈر دېگىنىمىز: كۈل رەڭ ياكى ئاقۇش كۈمۈش رەڭ، سوزۇلۇشچان، سومۇرۇشچان، مېتال ئېلېمېنت تۆمۈر دېيىلىدۇ. بۇنىڭ خىمىيەۋى بەلگىسى سانائەتتە قارا رەڭلىك مېتال دەپ ئاتىلىدۇ.

تۆمۈر هاۋانچا دېگىنىمىز: تۆمۈر رۇدىسىدىن تەييارلىنىپ، ياسىلىش شەكلى چويۇن هاۋانچىغا ئوخشاش هالدا تۆمۈر، پولات زاۋۇتلىرىدا قۇيۇلغان تۆمۈرلەرنى ئۆلچەم بويىچە كېسىپ، ئۇنىڭغا شال تۆمۈرنى ئۆلچەپ كېسىپ قاپ ئوتتۇرىسىنى بولقا بىلەن ئۇرۇپ ئويمانچەك قىلىپ پەسلىتىپ، توۋلىك ياساپ، ئۆلچەملىك كېسىلگەن نوكەشنىڭ بىر تەرىپىگە سۇۋاركا قىلىنىدۇ. ئۇنى «چەپچەك» ياكى تويى دەيمىز. نوكەشكە سۇۋاركا قىلىنغان تويى توك چاق بىلەن چۆرۈلدۈرۈپ چاقلاپ ئىسكەتلەپ ياسىلىدۇ.

ياسالغان هاۋانچىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ پالتا، كەتمەن سېپىدەك تومۇلۇقتىكى نوغۇچتەك تۆمۈرنى هاۋانچا ئېگىزلىكىدىن ئېگىزرەك كېسىپ، ئۇنىڭ بىر ئۇچىغا غازنىڭ تۇخۇمىدەك شار سۇۋاركا قىلىنىپ ياكى بالچۇق تۆمۈرنى ئوتتا قىزىتىپ، بولقا بىلەن ئارقىغا ياندۇرۇپ كەپشەرلەپ هاۋانچا تېشى ياساپ ئىشلىتىلىدۇ، تۆمۈر هاۋانچىنىڭ چىدامچانلىقى ئالاهىدە يۇقىرى بولىدۇ.

ياغاچ هاۋانچا دېگىنىمىز: ياغاچتىن ياسىلىدىغان، دورا-دەرمەك هەم شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يانجىش (ئېزىش) تالقان قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۆي سايمىنى ياغاچ هاۋانچا دېيىلىدۇ. ياغاچ هاۋانچا، ياڭاق ياغىچى، چىلان ياغىچى، ئامۇت ياغىچى، ئۈجمە ياغىچى، ئاكاتسىيە ياغىچى، سىدە ياغىچى، توغراق ياغىچى، هاڭگا تېرەك ياغىچى قاتارلىق ياغاچلاردىن ياسىلىدۇ.

ياغاچ هاۋانچا ئاساسەن شىنجاڭدا ئاز ئۆسىدىغان «هاڭگا تېرەك» تىن ياسىلىدۇ.

«هاڭگا تېرەك» يوپۇرمىقى تومۇنە ياكى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، ئاسمانغا قاراپ تىك ئۆسىدىغان پوتلىسى سېرىق، تېنى ئاچ سېرىق رەڭلىك ئالاهىدە قاتتىق ياغاچ، ئۇنى ئەلمساقتىن باشلاپ «هاڭگا تېرەك» دەپ ئاتاپ كەلگەن. «هاڭگا» دېگەن ئاتالغۇنى ئەركەك، يەنى هاڭگا ئېشەك توغرىسىدىكى پاراڭغا ئىشلىتىدىغان سۆز. «هاڭگا تېرەك» ياغىچىدىن ياغاچ لېگەن، ياغاچ ئاياغ، ياغاچ چۆچەك، خېمىرتۇرۇچ قاچىسى، لازا قۇتىسى، قوي يېغى ئۇيۇتىدىغان ئېغىزلىق ياغدان، تەڭلە، سوغا، هاۋانچا قاتارلىق نۇرغۇن ئۆي سايمىنى ياسىلىدۇ، ئۇنى ياغاچچى ئۇستىلار ياسايدۇ.

«دىۋانۇ لۇغەتتىن تۈرك» نىڭ 10-، 11-ئەسىرلەردە ياغاچچى هۈنەرۋەنلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەينى زاماندا ئىشلىتىلگەن ياغاچچىلىق ئەسۋابلىرىنى مۇنداق ئاتىغان: «كەركى» (كەكە) «دىۋانۇ لۇغەتتىن تۈرك» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 560-بەت.



«كوركە» (ياغاچ ئاياغ) ياغاچ تاۋاق، كەنچەكچە «دىۋانۇ لۇغەتتىن تۈرك» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 560-بەت.

كەكە، چوپسا، هەرە، پالتا، ئۇشكە قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئەسۋابلارنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقى، «ئوغۇزنامە» دىكى مەلۇماتلار، ياغاچ هاۋانچىنىڭ خېلى قەدىمىي ئۆي سايمىنى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

(ئاپتور: پەيزاۋات ناهىيەلىك خەلق تەپتىش مەهكىمىسىنىڭ پېنسىيونېرى)

MIRAS

www.uyghurkitap.com



# ئۆدۈم- ئىرىملىرىمىز ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ئىپادىلىرى

ئابدۇخېلىل مىرخېلىل

ئۆدۈم- ئىرىملىرىمىز خەلقىمىزنىڭ ئۆزلىرىدە كۆرۈلگەن تۇرلۇك كېسەللىكلەرنى داۋالاش جەھەتتىكى ئىپتىدائىي چۈشەنچىلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ ئۆزلىرىدە كۆرۈلگەن ھەر خىل كېسەللىكلەرگە قارىتا مۇئەييەن تەدبىر قوللىنىپ، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ساغلام ياشاش ئارزۇلىرى ئىپادىلەنگەن.

بىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ھەممىدىن بۇرۇن قايسى بىر مەشھۇر ھۆكۈما، تېۋىپ تەلىماتلىرىنىڭ گەۋدىلىنىشى بولماستىن، بەلكى كەڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدىكى نۇرغۇنلىغان ئەمچى، تېۋىپلارنىڭ تەجرىبىلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە كۈنسايىن راۋاجلانغان. بۇ يەردە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە ھەقلىقمىزكى، سىنىپىي تەبقىلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېڭىدا ھەر خىل تەڭرىلەر پەيدا بولغان. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇرۇق- قەبىلىلەر ئىچىدىن مەخسۇس ئالاشقان ئەم- ئىرىمچىلەر، تېۋىپ، رەمچى، مۇنەججىملەر، نەزىر- چىراغ باشقۇرغۇچىلار، سەرۋازلار ۋە باخشىلار ئايرىلىپ چىققان. ئۇلار ئىزگۈ ئىلاھلارغا يېلىنىپ، نەزىر- چىراغ قىلىش، قۇربانلىق قىلىش بىلەن بىللە جىن- ئالۋاستىلارغا خەنجەر، باخشى دېيى، نەيزە، ئۇچلۇق ھاسا، چاچراتقۇ ئوت، قوغلىغۇچى چوماق ۋە خوخا تىكەن قاتارلىق «قوراللار» نى ئىشلىتىپ، «كۆدە» (ئەسكى ئاچ- ئەرۋاھ)، «رەسۋا»، «شەرمەندە»، «چىق- يوقال»، «ئوت قويېمەن»، «ئەسكى تاملىقا بار»، «يالغۇز ياغاچقا بار»، «كونا تۈگمەنگە بار»، «چۆللەرگە كەت!» قاتارلىق تىللاش، پوپۇزا قىلىش ئەپسۇنلىرىنى ئوقۇغان. شامان دىنى ئەم- ئىرىمچىلىكىدىكى جىن- ئالۋاستىلارنى بىر نەرسىگە ئوقۇپ بەند قىلىش، كومزەككە سولاپ سۇغا غەرق قىلىش، كۆمۈش، ئېقىتىش، كۆيدۈرۈش، چۆلگە قوغلاش، نەرسە ياكى ھايۋانغا كۆچۈرۈش، تىلتۇمارى ئېسىش قاتارلىق ئادەتلەرنىڭ ساقىندىلىرى تاكى بۈددا ۋە ئىسلام دىنى زامانلىرىغىچە ئۆز ئىپادىسىنى يوقاتماي ساقلاپ كەلگەن. دېمەك، ئۆدۈم- ئىرىملىرىمىز يۇقىرىقى ئىپتىدائىي چۈشەنچىلەرنىڭ ساقىندىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، خەلقىمىزگىلا خاس بولغان بىر خىل ئەنئەنىۋى داۋالاش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ كىشىلەردە كۆرۈلگەن قىسمەن كېسەللىكلەرنى داۋالاش جەھەتتە بەلگىلىك رولىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاشلاش، ئىسرىق سېلىش، قان قىلىش، ئۆپكە قېقىش، ئاغرىغان پۇت- قولنى يىنگە تىقىش، يۇرۇك تىلەش، ئەرۋا

ئىشى ئېتىش، پاقىسنى ئېچىش، باش تەگلەش، تېرىگە چۈشۈرۈش، روھ چاقىرىش، كۆز بۇرغىلاش، تاماق كۆتۈرۈش، بوغۇزىغا دەسسەش، ياندۇرما قايتۇرۇش، ئالا قايتۇرۇش، ئۇچۇغداش قاتارلىق ئۇدۇم- ئىرىملىرىمىز تۇرمۇشىمىزدا دائىم دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ. كۆپ قىسىم ئۇدۇم- ئىرىملىرىمىزدا خەلقىمىز ھازىر ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئىسلام دىنىنىڭ ئالامەتلىرىلا ئەمەس، بەلكى خەلقىمىز ئىلگىرى ئېتىقاد قىلغان تۈرلۈك دىنلارنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىمۇ ساقلانغان. تۆۋەندە مەن ھېلىمۇ خەلقىمىز ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم ئۇدۇم- ئىرىملىرىمىزنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

ئاشلاش: ئاشلاش تۇرمۇشىمىزدا دائىم دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان، ئەڭ ئومۇملاشقان ئۇدۇم- ئىرىملىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلاردا بالىلارنىڭ قورسىقى كۆپۈپ، بىكار تۇرماي ئەسنەپ، بەدەنلىرى كىرىشىپ، كېكىرىپ، چۈشكۈرۈپ، كۆز- ئېغىزلىرىدىن سۇ قۇيۇلۇپ بىئارامىلىق ھېس قىلسا، ئاش كىرىپ قاپتۇ دەپ قارىلىدۇ. بالىلار ياكى چوڭلاردا يۇقىرىقى ئەھۋاللار بايقالغان ھامان دەرھال ئاشلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بەزى ئاش چىقىدىغان ئادەملەر ئاش كىرىپ قالغان ئادەملەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرالمايدىغان، ئاش كىرگۈچىنى ئاشلاپ نورمال ھالىتىگە كەلتۈرمىگىچە ئاش كىرگۈچىگە ئوخشاشلا ئەسنەپ، كېكىرىپ، چۈشكۈرۈپ، ئېغىز- بۇرۇن، كۆزلىرىدىن سۇ قۇيۇلۇپ، ئاشقازنى مۇجۇپ، قورسىقى كۆپۈپ، ھەتتا ياندۇرۇپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئاشلاشقا كېتىدىغان كېرەكلىك نەرسىلەر سەرەڭگە تېلى، يول چاۋىرى، تۇز، نان، كېپەك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئاشلاشنىڭ مۇئەييەن تەرتىپ ۋە باسقۇچلىرى بولىدۇ. ئالدى بىلەن ئاشلىغۇچى ئوڭ قولىغا يۇقىرىقى كېرەكلىك نەرسىدىن بىرنى (يەنى نان، تۇز، يول چاۋىرى، سەرەڭگە تېلى، كېپەك) ئېلىپ ئىچىدە «سۈرە پاتىھە، سۈرە ئەل ئىمراننىڭ بىر قانچە ئايىتى، كەلىمە تەمجىت» قاتارلىق ئايەتلەرنى ئوقۇپ، ئاش كىرگۈچىنىڭ بېشىدىن تارتىپ پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە بىر خىل رېتىمدا يېنىك دوملايدۇ. ئايەت ئوقۇلۇپ بولغاندىن، ئاش كىرگۈچىگە كىرگەن جىن ياكى كېسەلنى قوغلاش مەقسىتىدە «چىق كۇدى، بەھىياكۇدىم شەرمەندە كۇدى. چىقساڭ چىق، چىقمىساڭ قوڭاڭغا بورا يۈگەپ ئوت قويىمەن. يالغۇز ئوچاقلارغا بېرىڭلار، يالغۇز ياغاچلارغا بېرىڭلار، ئېشىنى يېيەلمەس، ئىگىسىنى كىيەلمەسلەرنىڭكىگە بېرىڭلار» دەپ ئاشلاشنى توختىتىدۇ. بالىلار ئاشلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆينىڭ قىبلە تېمىغا ئۈچ قېتىم «كۆچ، كۆچ، كۆچ» دەپ دوملاپ، ئۆز جايىغا ياتقۇزۇپ قويۇلىدۇ. ئاشلانغان بالا بىرقېتىم سىيمىگىچە بالىنى ئەركىلىتىپ سۆيۈش قاتتىق چەكلىنىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا كىرگەن ئاش چىقمايلا قالماستىن، بەلكى بالىنىڭ كېسىلىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ دەپ قارىلىدۇ. چوڭ ئادەملەرمۇ ئاشلىنىپ بولغاندىن كېيىن قىبلە تامنى ئۈچ قېتىم غۇلاچلىشى شەرت. ئاش كىرگۈچىنى ئاشلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن نان، تۇز، كېپەكلەر كۆپىنچە ھاللاردا كۆيشەيدىغان قوي ياكى كالىغا بېرىلىدۇ، كۆيشەيدىغان مال- جانىۋارلارغا قەتئىي بېرىلمەيدۇ، يول چاۋىرى بىلەن سەرەڭگە تېلى كۆيدۈرۈلىدۇ.

ئىسرىق سېلىش: ئىسرىق كۆپىنچە ھاللاردا ئۆيدە ئۇزاق مۇددەت كېسەل تارتىپ ئورۇن تۇتۇپ ياتقان بىمارلار، ياش تۇغۇتلۇق ئاياللار بار ئۆيلەردە كۆپرەك سېلىنىدۇ. ئىسسىق سېلىش ئۈچۈن ئادەتتە ئادراسمان، ئارچا شېخى، يول چاۋىرى، ھەرە كۆنىكى، ھايۋان يېغى قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. ئىسرىق سېلىشنىڭ تەرتىپى بولسا، كونا كەتمەن، كونا كۈرەك ياكى مەشنىڭ تارتمىسى قاتارلىقنىڭ يۈزىگە پىشقان كۆمۈر چوغى ياكى ياغاچ ئوتۇن چوغى سېلىنىپ، چوغ ئۈستىگە ئاز مىقداردا ھايۋان يېغى ۋە ئادراسمان، ئارچا شېخى، يول چاۋىرى قاتارلىقلارنىڭ قايسى بولسا شۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا سېلىنىدۇ. چوغ ئۈستىگە سېلىنغان ھايۋان يېغى ۋە ئادراسمان، ئارچا شېخى، كۆيۈپ خۇشبۇي پۇراق تارقىتىشقا باشلىغاندا ئىسرىق سالغۇچى ئۆزى بىلگەن ئايەتلىرىنى ئوقۇپ «ئادراسماندىن دۇت كەلدى، تۈمەن بالا دەرد كەلدى. كەلگەن بالانى قايتۇرغىن، ئىگەمدىن پارمان كەلدى» دېگەندەك ئىرىملىك سۆزلەرنى دەپ بىمار ياكى تۇغۇتلۇق ئايال ۋە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭمۇ باش ئۈستىدىن ئۈچ قېتىم ئۆرۈپ، ئىسسىق ھىدىنى ئۆي ئىچىگە تەكشى تارقىتىدۇ. بىمارلارنىڭ ئورۇن- كۆرپە، ياستۇق، ھەتتا كىيىم- كېچەكلىرىمۇ ئىسرىق ھىدىغا تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل ئۇدۇم- ئىرىم بىمارلارنىڭ كۆڭلىنى يورۇتۇپ، كېسىلىنى يېنىكلىگەندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ. مۇھىمى ئۆينىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەپ ۋە ساپلاشتۇرۇپ، بىمارلار ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كۆڭۈل ئازادىلىكى ئاتا قىلىدۇ. يەنە بەزى ئەھۋاللاردا ھەرە كۆنىكىدىن ئىسرىق سالىدىغان ئادەتمۇ بار. بۇ خىل ئادەت ئاساسەن سودىگەرلەر ۋە قاتتىق ھاجەت تۈپەيلى بىرەر نەرسىسىنى (جانلىق مال دېگەندەك) جىددىي سېتىشقا توغرا كەلگەندە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەرە كۆنىكىدىن ئىسرىق سېلىشقا ساتارمەنلەرنىڭ ساتماقچى بولغان مېلىگە خېرىدارلىرىنىڭ ھەرىدەك ئولىشىشىنى ئارزۇ قىلىشتەك خاھىشلىرى سىڭىپ كەتكەن دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.

**قان قىلىش:** قان قىلىش تۇيۇقسىز ھادىسىلەردىن قورقۇپ كەتكەن، كۆرگەن يامان چۈشلىرىنى ئۆزىگە روھىي بېسىم پەيدا قىلىۋېلىپ، يۈرىكى تۇيۇقسىز ئاغرىدىغان بولۇپ قالغان بىمارلار، توغۇتىدا يالغۇز قېلىپ كۆزدىگە غەيرىي نەرسىلەر كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغان تۇغۇتلۇق ئاياللار ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئۇدۇم-ئىرىملىرىمىزنىڭ بىرى. قان قىلىشنىڭ تەرتىپ باسقۇچلىرىمۇ ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس. قان قىلىش ئۈچۈن توخۇ، كەپتەر قاتارلىق جاندارلار بولسا كۇپايە. قان قىلغۇچى بىمارنىڭ دۈمبىسىنى ئاچقۇزۇپ بوغۇزلانغان توخۇ، كەپتەرنىڭ قېنىنى بىمارنىڭ دەل ئېغىزمان (غول ئوتتۇرى) قىسمىغا ئېقىتىدۇ. يېڭى بوغۇزلانغان جاندارنىڭ ئىسسىق قېنى بىماردا بىر سىلكىنىش پەيدا قىلىپ، روھىي جەھەتتىن تىنچلىق ئاتا قىلىپ، بىمار كەيپىياتىنىڭ تۇراقلىنىشى ئۈچۈن شارائىت تەييارلايدۇ دەپ قارىلىدۇ. تۇغۇتى ئىچىدە غەيرىلىك كۆرۈلگەن ئاياللار ئۈچۈن ئاق خوراز بوغۇزلىنىپ قان قىلىنىدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ.

**ئۆپكە قېقىش:** ئۆپكە قېقىش تەرتىپى ئاددىي ۋە ئاسان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن خەلقىمىز ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ئۇدۇم-ئىرىملىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. ئۆپكە قېقىشنىڭ تەرتىپ-باسقۇچى يېڭى سويۇلغان مال (قوي، ئۆچكە، كالا) نىڭ ئىسسىق ئۆپكىسى كېسەلگە گىرىپتار-بولغۇچى كىشىنىڭ غول، دۈمبە، بەللىرىگىچە يېنىك ئۇرۇپ قېقىلىدۇ. بۇ خىل ئۇدۇم-ئىرىمنىڭمۇ كېسەل كىشىگە نىسبەتەن ئاراملىق ئاتا قىلىش رولى بار.

**ئاغرىغان پۇت-قولنى يىڭنە تىقىش:** پۇت-قول بىرەر ھادىسە تۈپەيلى زەخىملىنىپ، تۈرلۈك داۋالاردىن شىپا تاپماي، ئاغرىقى توختىمسا يېڭى سويۇلغان قوي ياكى ئۆچكىنىڭ قىزىق يېنىغا پۇت-قولنىڭ ئاغرىغان قىسمىنى تىقىشنى كۆرسىتىدۇ. پۇت-قولنىڭ ئاغرىپ تۇرغان قىسمى يىنىغا تىقىلغاندىن كېيىن، يېتەرلىك يۆگەك بىلەن يېگىلىپ، بىرەر كۈن ئەتراپىدا تۇرغۇزۇلىدۇ، بۇ جەرياندا قىزىق يىن زەخىمە يېگەن پۇت-قولدىكى زەرداپلارنى ئۆزىگە تارتىپ، ئاغرىقنى پەسەيتىپ، كېسەلدە ياخشىلىنىش پەيدا قىلىدۇ.

**يۈرۈك تىلەش:** يۈرۈك تىلەش يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلاردا قىزىتىش، بەدەن تېرىلىرى قىزىرىش، چۆچۈش ۋە ئارامسىزلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇدۇم-ئىرىملىرىمىزنىڭ بىرى. بوۋاقتا يۇقىرىقى ئەھۋاللار كۆرۈلگەن ھامان بوۋاق چەتنەپ قاپتۇ، دەپ قارىلىپ، ئەر-ئايال بىر نىكاھلىقلا بولغان يەتتە ئۆيدىن رەخت يۈرۈكچىلىرىنى تىلەپ، يەتتە تال بارماق ئارىسىغا ئۆتكۈزۈپ يىغىلىدۇ. يىغىلغان رەخت يۈرۈكچىلىرىدا بوۋاقنى ئۈچۈقدايدۇ. يىغىلغان رەخت يۈرۈكچىلىرىنى قوراپ بوۋاققا يوسما تىكىپ كىيگۈزۈپ قويىدىغان ياكى بۆشۈك جابدۇقلىرىنىڭ تېگىگە قويۇپ قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

**ئەرۋا ئېشى ئېتىش:** ئەرۋا ئېشى ئېتىش يېڭى تۇغۇلغان باللار ئۇزۇقلۇق يېتىشمەسلىك تۈپەيلى ئەت ئالماي، چوڭايماي، ئورۇق، قوتۇر بولۇپ قالغاندا قىلىنىدىغان ئۇدۇم-ئىرىمدۇر. ئەرۋا ئېشى ئېتىشنىڭ تەرتىپ باسقۇچلىرى سەل مۇرەككەپرەك بولۇپ، بۇ ئاشنى ئېتىش ئۈچۈن ئەر-ئايال بىر نىكاھلىقلا بولغان يەتتە ئۆيدىن ئۇن، يەتتە ئۆيدىن ماي، يەتتە ئۆيدىن كۆكتات، يەتتە ئۆيدىن تۇز، يەتتە قاسساپتىن گۆش تىلەيدۇ. ئەنە شۇ تىلەپ كېلىنگەن خۇرۇچلار بىلەن تەييارلانغان ئاش ئەرۋا ئېشى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرۋا ئېشى تەييار بولغاندىن كېيىن ئەرۋا بولۇپ قالغان بالىغا تويغۇچە يېگۈزۈلىدۇ. ئاندىن تۇتۇلمىغان چوڭ چىنىگە ئۇسسۇلۇپ، تۇتۇلمىغان قوشۇق ياكى چوكا بىلەن ئۇستىگە تۇتۇلمىغان يېڭى قول ياغلىق ياكى لۆڭگە يېپىلىپ تۆت كوچىنىڭ قاق ئوتتۇرىغا قويۇپ قويۇلىدۇ. بۇ ئاشنى رىزقى چۈشكەن ياخشى نىيەتلىك بىرەر ئادەم ساۋابلىق ئۈچۈن ئىچىپ، چىنە قوشۇق ۋە ياغلىقنى ئېلىپ، ئەرۋا ئېشى ئەتكۈچىنىڭ تىلەك، ئۈتۈنۈشلىرىنىڭ تېزرەك ئەمەلگە ئېشىشىنى دۇئا قىلىپ قويىدۇ. بۇ خىل ئۇدۇم-ئىرىمدىن خەلقىمىزنىڭ بىقىش تاپماي. ساغلام ئۆسەلمەيۋاتقان باللارغا يېمەكلىك تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ بېرىش ئارقىلىق، ئوزۇقلۇق تولۇقلاشتەك ئىلمىي ئوزۇقلىنىش ئارزۇسىنى

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

**پاقىسىنى ئېچىش:** يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلار ئارقىسىغا غادىيىۋېلىپ قاتتىق يىغلاپ توختىمىسا تارغىقى يېپىشىپ قاپتۇ دەپ قارىلىدۇ. بۇ يەنە پاقا بولۇپ قاپتۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىرىمنىڭ تەرتىپ باسقۇچلىرى تولىمۇ ئاددىي بولۇپ، پاقا ئاچقۇچى ئانا تۇزنى پاقىسى يېپىشىپ قالغان بالىنىڭ تارغىقى ئۈستىگە قويۇپ بالىنىڭ تارغىقىنى يېنىك ئۇۋۇلاپ يېپىشىپ قالغان تارغاقنى ئاچىدۇ، ئاندىن بالىنىڭ ئىككى بىلىكىدىن ئايرىم- ئايرىم ھالدا سىلكىپ- سىلكىپ كۆتۈرۈپ، بالىنىڭ دۈمبە- ئۇچىلىرىنى يېنىك سىيلاپ تىنچلاندۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قورسىقى كۆپۈپ ئارامسىزلانغان بوۋاقلارنىڭ قورسىقىغا ئېگىر چايناپ پۈركۈيدىغان، ئېگىر چاينىغان ئېغىزنى بوۋاقنىڭ ئېغىزىغا توغرىلاپ، ئېگىر پۇرىقىنى بوۋاقنىڭ ئېغىزىغا پۈۋلەيدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. شۇنداق قىلغاندا بوۋاقتىن يەل مېڭىپ، قورسىقى بوشاپ تىنچلىنىپ قالىدۇ.

**باش تەڭلەش:** باش تەڭلەش — خەلقىمىزنىڭ باش سۆڭىكى زەخىملىنىش ۋە مېڭە سىلكىنىش كېسەللىكلىرىگە قارىتا ئېلىپ باران ئىپتىدائىي داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرىدۇر. كىچىك بالىلارنىڭ كۆزىدىن چاپاق قايناپ، توختىماي ياندۇرۇپ كەتسە بېشى تەڭ بولۇپ قاپتۇ دەپ قارىلىدۇ. بۇنى يەنە بېشىنىڭ جىيىكى كېتىپتۇ دەيدىغان ئاتەمۇ بار. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا چوڭلارنىڭمۇ بېشى تەڭلەش بولۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ قالىدۇ. بالىلارنىڭ بېشىنى تەڭلەش بىلەن چوڭلارنىڭ بېشىنى تەڭلەش پەرقلىق بولىدۇ. بالىلارنىڭ بېشىنى تەڭلەشتە بىر دانە يەرلىك تۇخۇمنى چېقىپ، تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن سېرىقىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ 15 سانتىمېتىر كەڭلىك، بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يۇمشاق داكا ئۈستىگە تەكشى يېيىتىلىپ، بېشى تەڭ بولۇپ قالغان بالىنىڭ بېشىغا تېڭىلىدۇ. ھايال ئۆتمەي تېڭىلغان تۇخۇم قېتىپ، داكا چىڭىپ كەتسە، راست بالىنىڭ بېشىنىڭ تەڭ بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چوڭلارنىڭ بېشىنى تەڭلەش بالىلارنىڭ بېشىنى تەڭلەشكە ئوخشىمايدۇ. چوڭلارنىڭ بېشىنى تەڭلەشتە ئۇزۇن يىپ ياكى ياغلىق بىلەن تەڭ بولغان باش ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىدىن ئۆلچىنىپ، ساقىپ كەتكەن تەرەپ قاتتىق سىقىش ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ياغلىق بىلەن چېكىلەپ تېڭىپ قويۇلىدۇ. باشنىڭ تەڭ بولۇپ قېلىشى ئاساسەن يىقىلىش، ئېگىزدىن پەسكە سەكرەش، كېچىسى خاتا يېتىپ قېلىشتىن پەيدا بولىدۇ. باش تەڭلەشنىڭ باشنى تۆۋەن، پۇتنى يۇقىرى قىلىپ تەڭلەش، قۇلاقنى يېنىك تارتىپ قۇلاقتىن قاس چىقىرىش ئارقىلىق تەڭلەش قاتارلىق ئۇسۇللىرىمۇ بار.

**تېرىگە چۈشۈرۈش:** بۇ تېرىگە ئېلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تېرىگە چۈشۈرۈش سوغۇق ئەنگىزدىن بولىدىغان ھالسىزلىنىش، ئالىجوقا سۆزلەپ قېلىش ياكى ئېغىر يەل تاشمىدىن بولىدىغان تېرە بۇزۇلۇش قاتارلىق كېسەللەر ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئۇدۇم- ئىرىمدۇر. تېرىگە چۈرۈشنىڭ تەرتىپ باسقۇچلىرى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، چۈشۈرۈش ئۇسۇلى جەھەتتىن تېرىگە پۈتۈن چۈشۈرۈش ۋە تېرىگە يېرىم چۈشۈرۈش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تېرىگە پۈتۈن چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۆزى تېمەن، ساغلام، تازا ۋايىغا يېتىپ يوغىنىغان، رەڭگى قارا، يەرلىك قوي تۇلۇپچە قىلىنىپ سويۇلۇپ، ئىسسىق ھالىتىدىلا بىمارنى يالىڭاچلاپ، كىيگۈزۈپ ئۈستىگە قېلىن يوتقان يېپىپ قويىدۇ. يېرىم تېرىگە چۈشۈرۈپ بولسا قوي ئادەتتىكىچە سويۇلۇپ، بىمارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ، بەلدىن يۇقىرى تەرىپى ياكى بەلدىن تۆۋەن تەرىپىنى تېرە بىلەن يۆگەشنى كۆرسىتىدۇ. تېرىگە چۈشكۈچىگە سويۇلغان قوينىڭ جىگەر، بۆرەكلىرى كاۋاپ قىلىپ يېگۈزۈلىدۇ. گۆش ۋە شورپا بىلەن ئۇبدان قۇۋۋەتلەندۈرۈپ تەرلىتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەدەنگە قاپسىلىپ قالغان يەلدىن ۋە ئەنگىزدىن بولغان بەزىبىر كېسەل ئاسارەتلىرى تەر بىلەن بەدەن سىرتىغا چىقىپ كېتىپ، نېرۋىلار تۈراقلىشىپ، بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى ئېشىپ، سالامەتلىك ئەسلىگە كېلىدۇ.

**روھ چاقىرىش:** بۇ ئۇدۇم - ئىرىم كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قورامىغا يەتمىگەن كىچىك بالىلار بىرەر ھادىسىگە ئۇچراپ يىقىلىش سەۋەبىدىن ھوشىدىن كېتىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ، داۋالاش جەريانىدا تىنچلىنالماي، دائىم چۆچۈپ ياتالمىسا، بالا ھادىسىگە ئۇچراپ يىقىلغاندا، «روھ چىقىپ كېتىپتۇ» دەپ قارىلىپ، روھ چاقىرىش ئىرىمى قىلىنىدۇ. روھ چاقىرىشنىڭ تەرتىپ ۋە باسقۇچىمۇ بەك ئاددىي بولۇپ، ھادىسىگە ئۇچرىغۇچىنىڭ چاپان، كۆڭلەك قاتارلىق كىيىمىدىن بىرنى ئېلىپ، بالا ھادىسىگە ئۇچرىغاندا يىقىلغان يەر ئورنىنى توغرا تېپىپ، شۇ يەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چاپان ياكى كۆڭلەكنى تەگكۈزگەن ھالەتتە تا ھادىسىگە ئۇچرىغان بالا ياتقان يەرگىچە سۆرەپ ئەكىلىدۇ. چاپان ياكى كۆڭلەكنى سۆرەپ ئەكىلىش جەريانىدا ھادىسىگە ئۇچرىغان بالىنىڭ ئىسمىنى ئۈنلۈك توۋلاپ ماڭىدۇ. مەن باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىمدە ئەڭ كىچىك ئىنىم ھەمراجاننى ۋېلسىپىتتىن يىقىتىپ قويغانىدىم. خەتەر ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، بىراق ئىنىم كەچلىكى چۆچۈپ پەقەت ياتالمىدى. رەھمەتلىك ئاپام ئىنىڭنى يىقىتقان ئوخشايسەن-ھە، دېدى. مەنمۇ ئىقرار بولدۇم. ئۇنداق بولسا سەن ئىنىڭ يىقىلغان ئورۇندىن ئىنىڭنىڭ ماۋۇ چاپىنىنى «ھەمراجان ئۇكام جۈرە ئۆيگە كېتىمىز. سېنى ئاپام چاقىرىۋاتىدۇ» دەپ سۆرەپ ئەكەل، دېدى. مەن شۇنداق قىلدىم. ئاپام ئىنىمنىڭ چاپىنىنى قولۇمدىن ئېلىپ، ئىنىمنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويدى. ئەتىسى ئاپام بىر تال مىخ، بىر دانە چوڭ چىنە ۋە ۋە مۇشتۇمدەك بىر تال تاشنى ئېلىپ مېنى ئەگەشتۈرۈپ، ئىنىم يىقىلغان يەرگە بېرىپ، مېنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىم بىلەن ئىنىم يىقىلغان ئورۇننى بەلگىلىۋېلىپ، ئاۋۋال مىخنى يەرگە قولىدىكى تاش بىلەن قېقىپ كىرگۈزۈۋەتتى. ئاندىن تاشنى قېقىلغان مىخنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، بايا ئېلىۋالغان چوڭ چىنىنى تاشقا قاتتىق ئۇرۇپ چاقتىدە كەينىگىمۇ قارىماي، مېنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىنىمنىڭ چۆچۈپ ياتالمايدىغان ئەھۋالى ياخشىلىنىپ قالغاندەك بولدى.

**كۆز بۇرغىلاش:** تۇرمۇشىمىزدا كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللار تۈپەيلى كۆز ئاغرىش ۋە كۆزگە ئاق چۈشۈش كېسەللىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ. مانا مۇشۇنداق كۆز ئاغرىش ۋە كۆزگە ئاق چۈشۈش كېسەللىرىنى داۋالاپ كۆزنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداش ئۈچۈن خەلقىمىز «كۆز بۇرۇغداش»تىن ئىبارەت ئۇدۇم-ئىرىمنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولۇشى ئېنىق. «كۆز بۇرۇغداش»نىڭ ئۆز ئالدىغا تەرتىپ-پىرىنسىپلىرى بولۇپ، بىر قاچىغا يېرىم كەلگۈدەك پاكىز سۇ ئېلىنىپ، بىمارنىڭ بۇرۇغدىلىنىدىغان كۆزىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرىلىنىپ قويۇلىدۇ. ئاندىن 10-20 تال بۇغداي دېنى بىر تال، بىر تالدىن ئاغرىغان ياكى ئاق چۈشكەن كۆزگە تەگكۈزۈلۈپ، «بۇرۇ-بۇرۇ قارا كۆزدە ئاق نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — بۇرۇ-بۇرۇ قارا كۆزدە ئاق نېمە ئىش قىلىدۇ؟» دېگەن سۆز تەكرارلىنىپ، قاچىدىكى سۇغا تاشلىنىدۇ. مۇشۇ تەرتىپتە بۇغداي دېنى تۈگىگىچە يۇقىرىقى ئەھۋال تەكرارلىنىدۇ. بۇغداي دېنى قاچىدىكى سۇغا تاشلىنىپ بولغاندىن كېيىن، قاچىدىكى سۇنىڭ بىر قىسمىنى ئېغىزىغا ئېلىپ، ئاغرىغان ياكى ئاق چۈشكەن كۆزنىڭ ئىچىگە بىر قانچە نۆۋەت پۈركۈلىدۇ. بۇغداي دېنى تاشلانغان سۇنىڭ قالغان قىسمىنى بۇغداي دېنى بىلەنلا ئېقىن سۇغا تۆكۈپ ئېقىتىۋېتىدۇ. مۇشۇ خىل ئۇدۇم-ئىرىمنىڭ خاسىيىتىدىن ئاغرىغان ۋە ئاق چۈشكەن بىر قانچە كىشىنىڭ كۆزىنىڭ شىپا تېپىپ، ياخشى بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. كېيىنچە تېببىي خادىملاردىن بىلسەم بۇغداي دېنىدىن ھازىرقى داۋالاشتا ئىشلىتىدىغان «پېنىسىلىن» ئېلىنىدىكەن. شۇڭا بۇغداي دېنى تاشلىنىپ، تەييارلانغان سۇ ئاغرىغان ياكى ئاق چۈشكەن كۆزگە پۈركۈلسە، كۆزنىڭ ساغلاملىقى ئەسلىگە كېلىدىكەن.

**تاماق كۆتۈرۈش:** گال ئاغرىقى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان كېسەللەرنىڭ بىرى. ئادەتتە گال ئاغرىشنى تامىقى چۈشۈپ قاپتۇ دەپمۇ ئاتايدۇ. تامىقى چۈشۈپ قالسا تاماق كۆتۈرۈش ئىرىمىنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تاماق كۆتۈرۈش ئىرىمىمۇ بىزدە ئۇدۇملاشقان قائىدىلىك تەركىبلەرنىڭ بىرى بولۇپ سانىلىدۇ. تاماق كۆتۈرۈش ئىرىمىنى ئادەتتە قوشكېزەك بوشانغان ئاياللار قىلىدۇ. تاماق كۆتۈرۈشنىڭ تەرتىپ باسقۇچلىرى بىر قەدەر ئاددىي بولۇپ، تاماق كۆتۈرگۈچى ئايال ئوڭ قولىنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىنى تاماق ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋاتقان قازاننىڭ تېگىگە تەگكۈزۈپ، قارا قىلىپ ياكى ئوتتۇرا بارمىقىغا يىرىك تۇز چاپلاشتۇرۇپ تامىقى چۈشۈپ قالغۇچىنىڭ تامىقىنى كۆچەپ كۆتۈرىدۇ. تاماقنى كۆتۈرۈش جەريانىدا تاماق بوشلۇقى ئېغىز ئېلىپ، ئاغرىق دەرھال توختايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بىرەر ئادەم تىلىم ئاغرىپ قاپتۇ-دېسە، «يەتتە ھارام، يەتتە ھالالنىڭ قوڭىغا تىق» دەيدىغان ئىرىملىك گەپلەرمۇ دېيىش بىزدە ئۇدۇملاشقان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت...

**بوغۇزىغا دەسسەش:** بوغۇزىغا دەسسەشمۇ بىزدە خېلى كەڭ ئومۇملاشقان ئۇدۇم-ئىرىملارنىڭ بىرى. بۇ ئۇدۇم-ئىرىم ئاساسەن بوغۇزى ئىششىپ قالغان بىمارلار

ئۆچۈن ئىشلىنىدۇ. بوغۇزى ئىششىپ قالغان بىمار ئىشىك-
نىڭ بوسۇغىسىغا ياتقۇزۇلۇپ، مۇئەييەن ئۇدۇمغا ئىگە
قوشكېزەك بوشانغان ئايال تەرىپىدىن يېنىك دەسسىلىدۇ.

**ياندۇرما قايتۇرۇش:** سەۋەبسىزلا چېچى چۈشۈپ
كېتىپ ئالاباش بولۇپ قالغانلار ياندۇرما بولۇپ قاپتۇ
دەپ قارىلىدۇ. ياندۇرما قايتۇرۇشمۇ بىزدە بىرخىل ئىرىم
خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، چېچى سەۋەبسىزلا چۈشۈپ
كېتىپ، ئالاباش بولۇپ قالغان كىشى ئۇزاق يىل مال
سويغان قاسساپنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىدۇ،
قاسساپ مال سويىدىغان پىچىقنى يېنىش-يېنىشلاپ تەگ-
كۈزۈپ قويىدۇ. ياندۇرما قايتۇرۇشنىڭ يەنە تۆمۈرچى
ئۇستامنىڭ ياسىغان ئەسۋابلىرىنى سۇغىرىدىغان سۈيىنى
چاچ چۈشۈپ ئالا بولۇپ قالغان ئورۇنغا شاپىشتىپ تەگ-
كۈزۈپ قويىدىغان تەركىبلىرىمۇ بار.

**ئالا قايتۇرۇش:** ياش تۇغۇتلۇق ئاياللار قىرقى
تولغۇچە يالغۇز قالسا ياكى قارا بېسىپ يامان چۈش
كۆرۈپ قورقۇپ قالسا، ئالىلاپ قالدى دەپ قارىلىدۇ.
بۇنىڭ ئۈچۈن ئالا قايتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئالا قايتۇ-
رۇشنىڭ تەرتىپ باسقۇچلىرى خېلى مۇرەككەپ جەريان
بىلەن تاماملىنىدۇ. ئالدى بىلەن قوشنا-قولۇملارنىڭ بىر
باش مېلى ئوغرىلىنىپ كەلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن دەم سالغۇچى
موللا چاقىرىلىپ، ئوغرىلانغان مالنى سويۇپ، قان چىقى-
رىپ، دەم سېلىپ قويۇلىدۇ. ئىش پۈتۈپ ئىككى-ئۈچ
كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يايىقى ئوغرىلانغان مال ئىگىسى
چاقىرىلىپ، ئەھۋال چۈشەندۈرۈلۈپ، مال ئورنىغا مال
ياكى مۇۋاپىق مىقداردا پۇل بېرىلىپ رازى قىلىنىدۇ.
بەزى ھاللاردا ياش تۇغۇتلۇق ئاياللار قىرقى ئىچىدە
يوقلاپ كىرگۈچىلەرنىڭ بىرەر يېمەكلىك ئەكىرىشىدىن
ئۈمىدلىنىپ، قۇرۇق كىرگەن بولسا ئۈمۈنۈپ، كۆكسى
ئىششىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ خىل
ئەھۋالغا قارىتامۇ خەلقىمىز مۇكەممەل ئىرىملارنى ۋۇجۇد-
قا كەلتۈرگەن. يەنى ئۈمۈنۈپ كۆكسى ئىششىپ قالغان ئا-
يالغا 1-كۈنى يېمەكلىك ئەكىلىپ بېرىلىدۇ. 2-كۈنى 1-
كۈنىدىكىدەك يېمەكلىك ئەكەلگەن ھالەتنى شەكىللەندۇ-
رۇپ، ئۈمۈنۈپ قالغۇچىنى ئالداش ئارقىلىق، قايتا ئۈمۈ-
نۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**ئۈچۈقداش:** ئۈچۈقداشمۇ تۇرمۇشىمىزدا دائىم دې-
گۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان ئۇدۇم-ئىرىملىرىمىزنىڭ بى-
رىدۇر. بۇ ئۇدۇم-ئىرىمنىڭمۇ تەرتىپ باسقۇچلىرى ناھايى-
تى ئاددىي بولۇپ، سەھەر ۋە كەچلىكى كۈن قىزارغاندا
ئاۋۋال لاخشىگىر (قىسقۇچ) ياكى ئۇزۇنىراق تۆمۈرنىڭ
بىر ئۇچى كۆمۈر چوغىدا قىپقىزىل قىزدۇرۇلۇپ تەييارلى-
نىدۇ. ئاندىن بىر پىيالىگە سۈت ئارىلاشتۇرۇلغان پاكىز
سۇ ئېلىنىپ، بىمار كىشى تالاغا ئېلىپ چىقىلىپ، قىبلە تە-
رەپكە قارىتىلىپ ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. ئاندىن بىمار كىشىنىڭ
دۈمبە قىسمى ئاچقۇزۇلۇپ، ئۈچۈقدۇغۇچى بىلگەن ئايەت-
لىرىنى ئوقۇپ، چىنىدىكى سۈت ئارىلاشتۇرۇلغان سۇنى
قىزىتىلغان تۆمۈر ياكى لاخشىگىرنى بىمارنىڭ دۈمبىسىگە
توغرىلاپ تۇرۇپ ئۈچ قېتىم چۈچەپ پۈركۈيدۇ. ھەر
قېتىم پۈركۈگەندە بىمار بىر قېتىم ئورنىدىن يۆتكىلىپ
ئولتۇرىدۇ. بەزى ھاللاردا، بولۇپمۇ ياز كۈنلىرى دەل-
دەرەخلەرنىڭ جالا-چوكانلىرىدىن بىر تۇتام ئېلىنىپ،
مۇزدەك سۇغا چىلاپ ئۈچۈقدايدىغان ئەھۋاللارمۇ
ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇدۇم-ئىرىممۇ بىمارغا نىسبەتەن
روھىي يېنىكلىك ئاتا قىلىپ، بىمارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى
ساغلاملىقىنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلايدۇ.

يۇقىرىقى ئۇدۇم-ئىرىملاردىن باشقا يەنە ئۇششاق
باللارنىڭ باش ۋە يۈز، قول-پۇتلىرىغا يارا-شىرى
چىقىپ قالسا، ئۇدۇمى بار دەپ قارالغان كىشىلەرگە تۇ-
كۈرتىدىغان، بوۋاقلارنىڭ كۆزى قىزىرىپ ئاغرىپ، چاپاق
قايناپ قالسا، ئانا سۈتىنى تەگكۈزۈپ قويىدىغان، ياش
تۇغۇتلۇق ئايالار بار ئۆيلەرنىڭ دەرۋازا بېشىغا قىزىل
پەرەڭ باغلاپ قويىدىغان ئۇدۇم-ئىرىملارمۇ كەلىڭ قوللى-
نىپ كەلمەكتە. ئۇدۇم-ئىرىملىرىمىزنىڭ ئېتنىك مەنبەسى،
ئىلمىي قىممىتى، زامان تەۋەلىكى، تۇتۇشۇش يىلتىزىنى
قېزىش زۆرۈر بولماقتا. خەلقىمىزنىڭ ساپ ۋە ساددا قەل-
بىدىن بىخلانغان بۇ تۈردىكى ئۇدۇم-ئىرىملىرىمىزنىڭ
ئەسلىسىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇدۇم-ئىرىملىرىمىزدىكى
ئىلمىي ھېكمەتنى توغرا چۈشىنىپ، ئۇدۇم-ئىرىملىرىنىڭ
تۇرمۇشىمىزدىكى ئىپادىلىرىنى ئەمەلىي جارى قىلدۇرۇش،
ئۆزلۈك ۋە كىملىكىمىز ئېغىر خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقان بۈ-
گۈنكى كۈندە تولىمۇ زۆرۈر دەپ قارايمەن.

(ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە دۆڭمەھەللە يېزا مويۇنگۇزەر
مەكتەپتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇرلاردا پىچاقچىلىق ھۈنەر سەنئىتى ۋە يېڭىسار پىچىقى

مۇھەممەتئېلى ئەنۋەر







دىيارىمىزدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار ۋە يازما ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلاردىكى پىچاقچىلىق ھۈنەر - سەنئەت تارىخىنىڭ 3000 يىلدىن ئاشىدىغانلىقى مەلۇم. بۇ ھەقتە «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابتا مۇنداق مەلۇماتلار بار: « 1976 - ، 1977 - يىللىرى پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ شامبابا دېگەن يېرىدىكى قەبرىستانلىقتىن 40 نەچچە قەبرە قېزىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەش قەبرىدىن جەمئىي بەش دانە تۆمۈر قورال تېپىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى پىچاق، بىرى نەيزە، بىرى ئۈزۈك ۋە ئىككىسى بىلەزۈك ئىكەن. بۇلاردىن باشقا يەنە ئون نەچچە دانە ئۇۋۇلۇپ كەتكەن تۆمۈر پارچىلىرى چىققان»①.

1980 - يىلدىن 1990 - يىللار ئارىلىقىدا قېزىلغان ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىي تاغ (نەنسەن) كان رايونىنىڭ ئالغۇي جىلغىسى، قۇمۇلدىكى توخۇچىنىڭ يانبۇلاق كەنتى، بۈگۈرنىڭ چۇمپاق يېزىسىنىڭ ئەتراپى قاتارلىق جايلاردىنمۇ كىچىك پىچاق، خەنجەر قاتارلىقلار تېپىلغان بولۇپ، بۇ تۆمۈر قوراللارنىڭ كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق ئۆلچەنگەن يىلى مىلاددىن ئىلگىرىكى تەخمىنەن 500 ~ 900 يىللار ئۆپچۆرىسىنى كۆرسەتكەن.

رۇسىيەلىك شەرقشۇناس ئالىم د. تىخونوف قوچۇ خانلىقى دەۋرىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۈستىدە توختىلىپ، بۇ دەۋردە «تۆمۈردىن ھەر خىل بۇيۇملار، مەسلەن، يۈگەن، ئېغىزدۇرۇق، ئۈزەڭگە، ساۋۇت، كەتمەن، سوقا چىشى، پىچاق قاتارلىق نەرسىلەر تەييارلىناتتى»② دەپ يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئارخېئولوگلار ئۇيغۇر قاغانلىقى (ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى)نىڭ شىمالىدىكى زېمىنى بولغان تۇۋادىكى تەكشۈرۈشىدە، شۇ دەۋردە «ئىقتىسادىي تەرەققىيات شۇنچىلىك سەۋىيەگە يەتكەنكى، مېتال تاۋلاش ۋە ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئىگىلىكتىكى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بىر تۈر بولۇپ قالغانىدى. شۇ چاغدىكى مېتاللورگىيەنىڭ ئاساسى رۇدىدىن تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۆمۈردىن ھەربىي ئىشلار ئۈچۈن كېرەكلىك تۈرلۈك قورال - سايمانلار ياساش، ئادەتتىكى تۇرمۇشقا لازىم بولىدىغان تۆمۈر سايمانلارنى ياساش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردە قازان، پىچاق، ئۈچ قىرلىق باشاق، قالپاقلىق مىخ، تۆمۈر تىرناق، تەييار تۆمۈر پارچىلىرى، تۆچتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق نەرسىلەر تېپىلدى» ③دەپ يەكۈنلىگەن.

يېڭىسار ناھىيەسىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە، يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ئېگىز يەر يېزىسىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا جايلاشقان قۇرۇلدا قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ مېتال تاۋلاش ئىزلىرى بايقالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، قىزىل يېزا قورغان كەنتى ھېيتگاھ مەسچىت يېنىدىكى، توپلۇق يېزىسىغا قاراشلىق جاي كەنتىدىكى مېتال تاۋلاش

ئىزلىرى تا ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ تۇرماقتا. بۇنىڭدىن باشقا، «10 ـ ئەسىرلەردە ئىسلام دىنى قەشقەرگە تارقىلىپ كىرگەن دەۋرلەردىمۇ قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ قەشقەرنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان مۇسۇلمانلاشتۇرۇش ئۇرۇشلىرىدا يېڭىسار رايونى مۇسۇلمان قوشۇنلارنىڭ خوتەن بۇددىست ئۇيغۇرلىرىغا قارشى تۇرۇشتىكى ئالدىنقى مۇداپىئە بازىسى بولغان. قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان قىلىچ، شەمشەر، نەيزە، ئوقيا، قالقان، ئۇمۇت ـ توقماق، ئات ـ ھارۋا جابدۇقلىرى ۋە تۈرلۈك قورال ـ سايمانلارنىڭ كۆپ قىسمى يېڭىساردىكى ھۈنەرۋەن ئۇستىكارلارنىڭ قولىدىن چىققان» ④ بۇنىڭدىن يېڭىسار خەلقىنىڭ ئەڭ كەم بولغاندىمۇ 1000 يىل بۇرۇنلا يەرلىك ئۇسۇلدا تۆمۈر تاۋلاپ، ئۇنىڭدىن ھەر خىل ئۇرۇش قوراللىرى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، پىچاق قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ داڭ چىقارغانلىقىنى ۋە يېڭىسار قول ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىينىڭ شاھانە ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىمۇ پىچاقچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىگە دائىر: «ئەگرى پىچاق — قىلىچ قېنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۇچى ئەگرى پىچاق» (1 ـ توم، 168 ـ بەت)؛ «قىلىچ» (1 ـ توم، 465 ـ بەت)؛ «پىچاق» (1 ـ توم، 499 ـ بەت)؛ «خەنجەر» (1 ـ توم، 545 ـ بەت)، «تۆمۈرلۈك — تۆمۈر ئېرىتىلىدىغان يەر» (1 ـ توم، 658 ـ بەت)؛ «قول — قىلىچ ۋە پىچاقنىڭ يۈزىگە ئويۇلغان نوكەش. بۇنىڭغا كۆپىنچە ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىلىدۇ» (3 ـ توم، 185 ـ بەت)، «قىن — قىلىچ ۋە پىچاقنىڭ قېنى» (3 ـ توم، 191 ـ بەت)؛ «ساپ — قىلىچ ۋە پىچاقنىڭ سېپى» (3 ـ توم، 198 ـ بەت)؛ «قىنلىدى، غىلاپلىدى — ئۇ پىچاق قىنلىدى، باشقىلاردىمۇ شۇنداق» (3 ـ توم، 409 ـ بەت)؛ «قىڭراق — گۆش ۋە خېمىر كېسىدىغان قىڭراق» (3 ـ توم، 522 ـ بەت)؛ «تۆمۈرچى — تۆمۈرچى قىلىچ سوقتى، يەنى تۆمۈرچى قىلىچ، پىچاق ۋە باشقا نەرسىلەرنى سوقتى» (3 ـ توم، 366 ـ بەت) «گەزلىك — خاتۇنلار كىيىملىرىگە تاقايدىغان ياكى يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان كىچىك پىچاق» (1 ـ توم، 625 ـ بەت) دېگەن سۆزلەملەردىن خاقانىيە تەۋەسىدىكى كىشىلەر پىچاق ئېسىشنىڭ شۇ قەدەر ئومۇملاشقانلىقىنى، ھەتتاكى ئاياللار ئارىسىدىمۇ پىچاق ئېسىشنىڭ ئومۇملىشىپ، زىننەت بۇيۇمى ۋە ئۆزىنى قوغداش بۇيۇمى قاتارىدا پايدىلانغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. بۇ ھەقتە يەنە دوكتور رىشات گەنج «ئۇيغۇر قاتارلىق بارلىق تۈركىي خەلقلەر پولاتنى تاۋلاپ قىلىچ سوقۇش ئىشىنى «قىلىچ توقماق» (سوقماق) دەپ ئاتىشاتتى»⑤. «قىلىچنىڭ ۋە پىچاقلارنىڭ ساپلىرى «سۇرقاچ» دەپ ئاتىلىدىغان لۆك دەرىخىنىڭ يىلمى بىلەن بىرىكتۈرۈلەتتى. قىلىچلار بىلەن پىچاقلار غىلاپلاردا ساقلىناتتى. غىلاپ شۇ زاماندا «قىن» دەپ ئاتىلاتتى⑥. بەزىدە بۆگدەنىڭ ئورنىدا، بۆگدەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان «پىچەك» (پىچاق) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قورال ئىشلىتىلەتتى... پىچاققا غىلاپ ياساشنى «پىچەك قىناماق» ياكى «قىنلاماق» دەپ ئاتايتتى» ⑦ دېگەن بايانلارنى يازغان.

«دىۋان» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىلىم ئەھلىلىرىگە مەلۇمكى، «دىۋان»دا 7500 دىن ئارتۇق سۆزلەم بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ بايان قىلىنغان ۋە ئەڭ كۆپ تەكرارلانغىنى پىچاق توغرىسىدىكى سۆزلەملەردۇر. ئالىم ئۆز ئەسىرىدە پىچاق توغرىسىدا جەمئىي 43 جايدا ئوخشىمىغان مەزمۇندا توختالغان. مەزكۇر سۆزلەملەرنى تۈرگە ئايرىغاندا، پىچاققا ئائىت ماقال ـ تەمسىل ئىككى پارچە، پىچاق سوقۇش ھۈنەر سەنئىتىگە قارىتا 24 جۈملە، پىچاقنىڭ رولى ۋە ئىشلىتىلىشى جەھەتتە 17 جۈملە بايان قىلىنغان. بۇ سۆزلۈكلەر 1 ـ تومدا 12 ئورۇندا، 2 ـ تومدا 13 ئورۇندا، 3 ـ تومدا 18 ئورۇندا ئۇچرايدۇ⑧.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىمۇ:

772 قولدا تۇتۇغلۇق يوغان بىر پىچاق،
شېكەر ئۇنىڭدا، سولدا ئۇراغۇن بىراق.

2141 نېمە دەيدۇ ئاڭلا جاھان تۇتقۇچى،
قىلىچ، پالتا بىرلە ياۋنى ئۇتقۇچى⑨.

دېگەن بېيىتلەرنى قالدۇرغان بولۇپ، بۇ بېيىتلەردىكى مۇناسىۋەتلىك سۆزلەردىن ۋە 222 ـ ، 223 ـ ، 268 ـ ، 286 ـ ، 1736 ـ ، 2143 ـ ، 2144 ـ ، 2145 ـ ، 4458 ـ ، 4459 ـ ، 5519 ـ بېيىتلەردىكى مۇناسىۋەتلىك جايلاردىن ئەينى دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرى ماھارىتى ۋە ئىنچىكە ھۈنەر ـ سەنئىتى، يۈكسەك دەرىجىدىكى

ئەقىل-پاراستىنى ئىشقا سېلىپ تۈرلۈك ئۇرۇش قوراللىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ چىققانلىقى ۋە بۇ بۇيۇملارنىڭ خانلىقلارنىڭ ئۇرۇش-جەڭلىرىدىن تارتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغىچە سىڭىپ كەتكەنلىكىنى، ئەينى دەۋر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ھەققىدە تارىخشۇناس شاڭ يەنبىن مۇنداق يازغان: «ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار ئىسپاتلىدىكى، غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق زېمىنلاردا مەدەنچىلىك، بولۇپمۇ ھەربىي قورال-ياراغ ئىشلەپچىقىرىش ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، ئوقيا باشقى، پالتا، پىچاق، خەنجەر، دۇبۇلغا-ساۋۇت قاتارلىقلار ھەممە يەردىن تېپىلدى. ھازىر ئېلان قىلىنغان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر ئىچىدىكى ئىككى پارچە ھۆججەتتە ‹تۆمۈرچى› دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنغان»[10]. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىمۇ قول ھۈنەرۋەنچىلىك يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، «يېڭىساردىكى تۆمۈر كېنى (شاناز تۆمۈر كېنى)، كۇچا ئەتراپىدىكى مىس كېنى، قەشقەر، خوتەندىكى ئالتۇن، تۆمۈر، مىس كانلىرى، يەكەن قوشراپتىكى قوغۇشۇن كانلىرى ئۆز دەۋرلىرىدە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىن سىرت، بۇ يەردىكى قېزىلغان ئالتۇن، تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇنلار يەنە چەت ئەلگە كۆپ مىقداردا چىقىرىلاتتى. ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىدىن كەتمەن، تۆمۈر ئارا، جوتۇ، ئورغاق، كەكە، گۈرجەك، ساپان چىشى قاتارلىقلار بارلىققا كەلگەندى. ھەربىي قوراللاردىن ئوقيا، باشاق، قىلىچ، خەنجەر، نەيزە، ساۋۇت، دۇبۇلغا قاتارلىقلار بار ئىدى»[11].

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىمۇ پىچاقچىلىق ھۈنەر-سەنئىتى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتە تارىخچى ليۇ زىشاۋ: « 1841-يىلى قەشقەردە يېزىپ پۈتتۈرۈلگەن ‹كىتابى غېرىب› ناملىق داستاندا شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قول سانائەت كەسىپلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، تۆمۈرچىلىك كەسپىي 1-ئورۇنغا قويۇلغان[12]. تۆمۈر ئەسۋابلار ئىچىدە بولسا تۈرلۈك پىچاقلار كۆرۈنەرلىك سالماقنى ئىگىلىگەن[13].

بۇ مەزگىلدە تۆمۈرچىلىك كەسىپىدە شۇنداق بىر خىل ئادەت ئەۋج ئېلىپ كەتكەنكى، ھۈنەرۋەن ئۆزى ياساپ چىققان ئەسۋابقا ئۆزىنىڭ ئىسمى، يۇرتىنى چۈشۈرۈپ، مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بولغان. تۈرلۈك تۆمۈر ئەسۋابلارغا چۈشۈرۈلگەن بەلگىلەرنى تىزىپ سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، شۇ ۋاقىتلاردا قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا تۆمۈرچىلىكنىڭ ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ يېڭىساردا سوقۇلغان تۆمۈر ئەسۋابلار يۈكسەك شۆھرەت قازانغان»[14] دەپ يازغان. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بارلىق ئارخېئولوگىيەلىك يادىكارلىقلار ۋە يازما ھۆججەتلەر ھەرقايسى دەۋرلەردىكى پىچاقچىلىق ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن سىرت، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ كەم بولغاندىمۇ 1000 يىل بۇرۇنلا يەرلىك ئۇسۇلدا تۆمۈر تاۋلاپ، ئۇنىڭدىن خەنجەر، شەمشەر، قىلىچ قاتارلىق ئۇرۇش قوراللىرى ۋە ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، پىچاق قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ داڭ چىقارغانلىقىدەك يەكۈنىمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ بېرەلەيدۇ.

يېڭىساردىكى پىچاقچىلىق ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى ۋارىسلىرى ھەققىدە ئىككى خىل كۆز قاراش مەۋجۇت بولۇپ، بىر قاراشتا: «يېڭىسار پىچىقىنىڭ يۇرتى يېڭىسار ناھىيەسىدىكى ماڭشىن يېزىسى بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ يېزىدىكى قاراباش كەنتىدە ئۆمەر ئاخۇن ئىسىملىك بىر ماھىر پىچاق سوقىدىغان ئۇستا ئۆتكەنىكەن. ئۇ مىتالنى سۇدەك ئېرىتىپ پىچاق سوقۇپتۇ. ئۇ سوققان پىچاقلار ناھايىتى ئەپچىل ۋە ئۆتكۈر بولۇپ، بۇ خەۋەر ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ، ئۇنىڭ داڭقى يىراق-يېقىنغا تارقىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پىچاق سوقىدىغانلار بارا-بارا كۆپىيىپ، كېيىنچە پىچاق سوقۇش بۇ كەنتتىكىلەرنىڭ ئاساسلىق ھۈنىرىگە ئايلىنىپتۇ»[15] دېيىلگەن. يەنە بىر خىل قاراشتا: «بۈگۈنكى يېڭىسار پىچىقى بۇنىڭدىن 300 يىللار ئىلگىرى يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قاراباش كەنتلىك داڭلىق پىچاق ئۇستىسى مەممەت قۇلاخۇن نامى بىلەن ئەتراپقا داڭقى يېيىلغان»[16] دېيىلگەن. بىز بۇ بايانلاردىن ھەر ئىككى ئۇستىكارنىڭ ئوخشاشلا قاراباش كەنتىدىن چىققانلىقىنى ۋە قاراباش كەنتىنىڭ بۇرۇندىنلا پىچاقچىلىق ماكانى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ھازىرقى قاراباش كەنتىدە پىچاقچى ئۇستاملارنىڭ، سېتىش مەركەزلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە پىچاقچىلىق ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلىقىمۇ بۇ قاراشلىرىمىزنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

ھازىرقى دەۋردىمۇ قاراباش كەنتىدە 400 گە يېقىن ئائىلە پىچاقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ھۈنەرۋەنلەر 1000 دىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىسى سېتىش مەركەزلىرىنى قۇرغان بولسىمۇ، بىراق ئائىلىسىدە ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارمۇ يەنىلا خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. يېڭىساردا مېتال تاۋلاپ، ئۇنىڭدىن تۈرلۈك بۇيۇملارنى ياساش خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، يېڭىسارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىجادىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن «يېڭىسار پىچىقى» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ھەر خىل ماركىدىكى پىچاقلارنىڭ شۆھرىتى كۆنسېرى يۇقىرى بولماقتا. شۇڭا 2007-يىلى يېڭىسار پىچىقى ئۇيغۇر پىچاقچىلىقىغا ۋاكالىتەن ئىككىنچى تۈركۈمدە «دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلگەن ۋەكىللىك ئەسەرلەر قاتارىدا يوللانغان. ئۇنىڭدىن باشقا، 1987-يىلى مەملىكەت بويىچە ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنى باھالاشتا 1-لىككە ئېرىشكەن. شۇڭلاشقا يېڭىسار پىچىقىنى يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك مىللىي قول ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە داڭلىق مەھسۇلاتى ۋە ئۇيغۇر قول ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ شاھى دەپ قارىساقمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ.

بۇنىڭدىن 50 يىللارچە ئىلگىرى يېڭىساردا پىچاقچىلىق كارخانىسى قۇرۇلغان بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پىچاقچىلىق ھۈنەر-سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ سانىمۇ كۆنسېرى كۆپەيدى. دەۋرىمىزگە كەلگەندە بولسا يېڭىسار ناھىيەسىدە مەخسۇس پىچاقچىلىق ھۈنەر-سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «يېڭىسار ئانار گۈلى پىچاقچىلىق زاۋۇتى»، «يېڭىسار ئۇيغۇر قول ھۈنەر پىچاقچىلىق زاۋۇتى»، «يېڭىسار قاراباش قول ھۈنەر پىچاقچىلىق زاۋۇتى»، «يېڭىسار ‹خاقان› قول ھۈنەر پىچاقچىلىق زاۋۇتى»، «يېڭىسار ناھىيەلىك مىللىي قول ھۈنەر-سەنئەت پىچاقچىلىقى مەسئۇلىيەت شىركىتى...» قاتارلىق ئونغا يېقىن شىركەت ۋە كارخانا، 100 دىن ئارتۇق پىچاق سېتىش ئورۇنلىرى بارلىققا كەلدى. ماركىسىمۇ بۇرۇنقى «بادام گۈلى»، «ئانار گۈلى» ماركىلىرىدىن كۆپىيىپ، «مىسران»، «زۇلپىقار»، «مىراس»، «خاقان»، «خەنجەر»، «ئۆتكۈر»، «بادام»، «دولان»، «تەۋەررۈك»، «ئەپەندىم»... قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق پىچاق ماركىلىرى بارلىققا كەلدى.

ئەلۋەتتە، يېڭىسار پىچىقىنىڭ تەرەققىياتىدا يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ كوئېنلۈن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم بوستانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىرغىقىغا، يەنى غەرب بىلەن شەرقنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىكى مۇھىم قاتناش لىنىيەسى بولغان قەدىمكى يىپەك يولىغا جايلاشقانلىقىدەك پايدىلىق ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنىڭ يېڭىساردا پىچاقچىلىق ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىكىدەك كارخانىلاشتۇرۇلغان، مۇقىم ئىگىلىك شەكلىگە ئايلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.

### يېڭىسار پىچىقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى

بىرىنچى، يېڭىسار پىچىقىنىڭ تىغى ئۈچۈن ئەلا سۈپەتلىك، پۇختا، ئاسان داتلاشمايدىغان، قاتتىقلىق دەرىجىسى ۋە پارقىراقلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان پولات ئوق قازان (شار) ياكى چىدامچانلىقى يۇقىرى بولغان ئېلاستىكىلىق پولات تاختا خام ماتېرىيال سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. پىچاقنىڭ تىغىنى سوقۇش جەريانىدا، پىچاقچى ئۇستامىلار تىغنىڭ ئۆتكۈر، داتلاشماس، چىدامچان، قاتتىق بولۇشى ئۈچۈن پولاتنى ئوتتا قىزدۇرۇپ سوقۇپ، قايتا-قايتا تاۋلاش ئارقىلىق تىغ ھالەتكە كەلتۈرۈش، سۇغىرىش ئارقىلىق چىدامچانلىقنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، سۇيىنى ياندۇرۇش ئارقىلىق تېنىنىڭ قاتتىقلىقنى ئاشۇرۇش ۋە چاقلاش تېخنىكىلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە سۇغىرىش تېخنىكىسى پىچاقنىڭ ئۆتكۈر، چىدامچان، ئاسان گاللىشىپ قالمايدىغان، بىسى ئىتىك يېنىپ كەتمەيدىغان بولۇشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، سۇغىرىش تېخنىكىسىغا يۇقىرى ماھارەت كېتىدۇ ۋە يۇقىرىقى جەريانلار ئىچىدىمۇ ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا يېڭىسار پىچىقى بىسى ئۆتكۈر، پارقىراق، ئاسان داتلاشمايدىغان، ئاسان گاللىشىپ قالمايدىغان، چىدامچانلىقى يۇقىرى، ئەلا سۈپەتلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئىككىنچى، يېڭىسار پىچىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ سېپىغا ئويۇلغان گۈللۈك نەقىشلەردىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. يېڭىسار پىچىقىنىڭ سېپىغا پىچاق ئۇستىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن كۈمۈش، قاشتېشى، ياقۇت، مەرۋايىت، يىل چىشى، بۇغا مۈڭگۈزى قاتارلىق ئەتىۋارلىق بۇيۇملار، مىس، سەدەپ، ئاق تۆچ، قولۇلە قېپى، ھايۋانات مۈڭگۈزى ۋە سۆڭىكى، ھەر خىل رەڭلەردىكى ئورگانىك ئەينەك، ياغاچ قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ماتېرىياللار پىچاقنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، نۇسخىسىغا ئاساسەن ئۆزئارا ماس كېلىدىغانلىرى يۇقىرى ماھارەت ۋە ئىنچىكە

ھۈنەر تەرتىپلىرى ئارقىلىق ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلالىغۇدەك دەرىجىدە نەپىس، گۈزەل سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلىنىپ، كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدۇ. پىچاقنىڭ سېپىغا ئىشلىتىلگەن ماتېرىيالغا قاراپ تۇرۇپ بادام گۈلى ۋە چېچەكى، ئانار گۈلى، بۇغداي باشقى، مېيخۇا گۈلى، سۆگەتگۈل، ئەترگۈل ۋە باشقا ھەر خىل گۈللەرنىڭ يوپۇرماقلىرى، سۇ دولقۇنى قاتارلىقلارنىڭ نۇسخىلىرى ۋە تۈرلۈك گېئومېترىيەلىك شەكىللەرنى ئويۇش ياكى چېكىش ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ. ھەتتا بەزى پىچاقلارنىڭ تىغىمۇ گۈل چېكىلىپ، رەڭلىك مېتاللاردىن خال قويۇلىدۇ. ياكى يۈزىگە نوكەش ئويۇلىدۇ. تىغ بىلەن ساپنىڭ تۇتاشقان يېرىگە پىچاقنىڭ ماركىسى ۋە «يېڭىسار پىچىقى» دېگەن سۆز ياكى ياسىغان ئۇستامنىڭ ئىسمى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، بەزىسىگە ئىنگلىزچە يېزىلىدۇ. ئەنئەنىۋى تېخنىكىلىق قول ئەمگىكى ئارقىلىق ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەنگەن، قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە بۇ نەقىشلەر ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى سەنئىتىدىكى جۇلالىنىپ تۇرغان يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ. يېڭىساردا قەدىمدىن بۇيان بادام دەرىخى بىر قەدەر كۆپ ئۆستۈرۈلگەچكە ۋە ئەجدادلىرىمىز بادامنى «قۇرۇق مېۋىلەرنىڭ شاھى» دەپ قارىغاچقا، يېڭىسار پىچىقىنىڭ ئىچىدە بادام گۈلى ۋە چېچەكىنى ئويۇش ياكى چېكىش ئارقىلىق نەقىشلەنگەن پىچاقلار كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئۈچىنچى، يېڭىسار پىچىقىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، شەكلى، ئىشلىتىلگەن ماتېرىيالى ۋە نۇسخىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۈرىمۇ كۆپ بولىدۇ. نۇسخا بويىچە ئايرىغاندا «ھازىر يېڭىسار پىچىقىنىڭ ئاساسلىق نۇسخىلىرىدىن قۇشقاچ باش نۇسخا، ئات باش نۇسخا، خان تاجى نۇسخا، تاق بىسلىق شەمشەر نۇسخا، قوش بىسلىق خەنجەر نۇسخا، ئۇستىرا شەكىللىك چوڭ-كىچىك قەلەمتىراچ نۇسخا، ئائىلىدە ئىشلىتىدىغان قىڭراق نۇسخا قاتارلىق ئاساسلىق تۈرلىرى بار»⑰. شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئەگرى پىچاق، تۈز پىچاق، چاسا پىچاق، چىشلىق پىچاق، بۇغا مۈڭگۈزى پىچاق، جەرەن مۈڭگۈزى پىچاق، سۇخچۇما چىلان ياغىچى ساپلىق پىچاق، سۇخشۇما سۆڭەك ساپلىق پىچاق، كۈمۈش ساپلىق ئۇيغۇر پىچىقى، سەرۋەستە ئۇيغۇر پىچىقى، بارماقچە پىچاق، شەمشەر، قىلىچ، خەنجەر، زۇلپىقار، قۇش تۇمشۇقى شەكىلدىكى پىچاق، سۇمۇرۇغ قۇيرۇقى، ئۆتەك باش، سالما باش، بېلىق باش، بۈركۈتباش، قارچۇغا باش، توز باش ۋە سوپسوپىيالىك بېشى، سېغىزخان بېشى، سوپ تورغاي بېشى شەكىلدىكى پىچاقلار ھايۋانات مۈڭگۈزى ياكى سۆڭىكى ساپلىق پىچاق، قىڭراق، ئۆي پىچىقى، قاسساپ پىچىقى، قەلەمراچ... قاتارلىق 70 نەچچە چوڭ تۈرى بولۇپ، رەڭ تۈرى بولسا 100 خىلدىن ئاشىدۇ.

تۆتىنچى، «يېڭىسار پىچىقىنىڭ ھەممىسىگە ئۆزىگە ماس كېلىدىغان غىلاپ ياسىلىدۇ»⑱. يېڭىسار پىچىقىنىڭ غىلىپىغا ھەر خىل رەڭدىكى يۇقىرى سۈپەتلىك كالا خۇرۇمى، ئېشەك خۇرۇمى، قوي خۇرۇمى ماتېرىيال قىلىنىپ، غىلاپ يۈزىگە نەقىشلەر قاپارتىلىپ، ئاندىن قاتۇرما قىلىنىپ تىكىلىدۇ. رەڭلىك پىستانىلار بىلەن بويتاسما بېكىتىلىدۇ. بويتاسمىنىڭ غىلاپقا چېگىلگەن قىسمىدىن ئىككى ياكى يەتتە تال غىلاپ چۇچۇلىسى چىقىرىلىدۇ. بۇ چۇچۇلا بويتاسمىنىڭ ئۇچى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەزى غىلاپلار بولسا كۈمۈش، مىس، ئاليۇمىن، قەلەي ياكى داتلاشماس پولاتنى سوقۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. بەزىلىرى ياغاچتىنمۇ ياسىلىدۇ. غىلاپلارنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل گۈل نەقىشلىرى ئويۇلىدۇ ياكى چېكىلىدۇ. رەڭلىك كۆز قويۇلغانلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. غىلاپمۇ ئىشلىتىلگەن ماتېرىيالغا قاراپ ساغرا غىلاپ، جەم غىلاپ، مۈڭگۈز غىلاپ، تارشا غىلاپ، تاختىلىق غىلاپ (يۈرۈشلۈك پىچاق سالىدىغان)، كۈمۈش غىلاپ، مىس غىلاپ، تۆمۈر غىلاپ، ياغاچ غىلاپ، سولياۋ غىلاپ... دەپ ئون نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلاردىن كۆندىن ياسالغانلىرىنىڭ ئىچىدە، ئېشەكنىڭ ساغرا قىسمىنىڭ تېرىسىدىن ئىشلەنگەن كۆن غىلاپلار (قارا ياكى يېشىل رەڭلىك بولىدۇ، كىشىلەر ساغرا غىلاپ دەپ ئاتايدۇ). ئالاھىدە سۈپەتلىك ۋە چىداملىق كېلىدۇ. مېتاللاردىن ياسالغىنىنىڭ ئىچىدە كۈمۈش غىلاپ پارقىراق ۋە سۈپەتلىكرەك كېلىدۇ، ئەمما ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. بەزى كىچىك قەلەمتىراچ ياكى كىچىك پىچاقلار قاتلىنىدىغان قىلىپ ياسىلىدىغان بولغاچقا، بۇ پىچاقلارنى غىلاپقا سالماي بىۋاسىتە ئاچقۇچ قاتارىغا ئېسىۋېلىشقىمۇ بولىدۇ. ئىشلىتىش ۋە يانغا ئېلىپ يۈرۈش ناھايىتى قولايلىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا يېڭىسار پىچىقى ساقلاشقا ئەپلىك، جەلپكارلىقى يۇقىرى، قويۇق مىللىي ئۇسلۇب ۋە خاسلىقىنى، يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

## يېڭىسار پىچىقىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورۇنلىرى ۋە رولى

يېڭىسار پىچىقى قەدىمدىن بۇيانلا ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. ئۇرۇش قوراللىرى

قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ جەڭ ۋە يېغىلىقلىرىدا ئىنتا-
يىن كەڭ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، دەۋرىمىزگە كەلگەندە ئىش-
لىتىلمىسىمۇ، لېكىن پىچاق قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى
بولسا ھازىرقى زامانىۋىلاشقان دەۋرىدىمۇ يەنىلا تۇرمۇشى-
مىزدا كەم بولسا بولمايدىغان، ھازىرقى زاماننىڭ تەلىپىگە
لايىقلاشتۇرۇلغان، مىللىي خاسلىقىغا ئىگە بۇيۇمغا ئايلاندى.
پىچاقنىڭ ئىشلىتىلىش ئورۇنلىرى تولىمۇ كۆپ
بولۇپ، ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك، شىنجاڭ بۇرۇن-
دىنلا دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن
رايون بولغاچقا، پىچاق دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىش-
لەپچىقىرىشىدىمۇ ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى ئويناپ كەل-
مەكتە. تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك مېۋە-چېۋە
ئۈزۈلمەيدىغان رايونىمىزدا، پىچاق قوغۇن-تاۋۇز تىلىش،
مېۋە ئاقلاش، كۆكتات ئاقلاش ئىشلىرىدا ۋە ئۇنىڭدىن
باشقا چارۋامالللارنى بوغۇزلاش، سويۇش، تېرىسىنى ئاج-
رىتىش، گۆش پارچىلاش، ئوۋغا چىققاندا ياۋايى ھايۋان-
لارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش، ھەرە چېقىۋالغان يەرگە
ياقسا زەھرىنى تارتىشتەك ئۆزىگە خاس رولالارنى ئويناي-
دۇ. ئۇيغۇر ئەرلىرىدە بۇرۇندىن تارتىپ ئۆزىنىڭ
تۇرمۇش ئادىتى، قىزىقىشى ۋە شۇغۇللىنىدىغان كەسپىگە
ئاساسەن، شەكلى ۋە نۇسخىسى ئوخشاش بولمىغان پىچاق-
لارنى بېلىگە ئېسىۋالىدىغان ئادەت تا ھازىرغىچە داۋاملى-
شىپ كەلگەچكە، يېڭىسار پىچىقى خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا
كەم بولسا بولمايدىغان تۇرمۇش بۇيۇمىغا ئايلانغان.
خەلقىمىز پىچاقنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنى يانغا ئېسىشنى
ئەنئەنىۋى ئۆرپ- ئادەت ۋە ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان
ئۇدۇم دەپ قارىغاچقا، «پىچاقنى ئەرلىك جاسارىتىنىڭ
مۇھىم بەلگىسى دەپ بىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئەنئەن-
سى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بالىنى تۇنجى قېتىم
بۆشۈككە سالغاندا، ئەگەر ئوغۇل بالا بولسا، ئۇنىڭغا
ھەمراھ قىلىپ ياستۇقنىڭ ئاستىغا پىچاق قويۇپ قويىدىغان
ئادەتلەر، قەسەم قىلىشقا توغرا كەلگەندە، پىچاقنى يەرگە
سانجىپ قويۇپ، ئۇنى ‹گۇۋاھچى› قىلىش قاتارلىق ئەقىدى-
لەر پەيدا بولغان»⑲. ئۇنىڭدىن باشقا، خەلقىمىزدە يېنىغا
پىچاق ياكى خەنجەر ئېسىۋالسا شەيتان، ئېزىتقۇ ۋە جىن-
شاياتۇنلاردىن ساقلايدۇ، ئۇخلىغاندا ياستۇقنىڭ تېگىگە
پىچاق قويۇپ ياتقاندا قارا بېسىپ قېلىشتىن ساقلايدۇ دەي-
دىغان خۇراپىي قاراشلار ساقلانغان بولسىمۇ، بۇ قاراشلار
يەنىلا خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا، تەبىئەت قاراشلىرىغا ۋە ئې-
تىقادىغا تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە. شۇڭلاشقا «ئۇيغۇر ئەرلى-
رى پىچاقنى زىننەت بۇيۇمى، قوغدىنىش قورالى ۋە
تۇرمۇش ئەسۋابى سۈپىتىدە بەلباغقا ئېسىۋالىدۇ ياكى ئۆ-
تۈكنىڭ قونچىغا تىقىپ قويىدۇ» ⑳ ياكى ئۆيىدە بىر- ئىك-
كىدىن پىچاق ساقلايدىغان، ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدىغان
ئادەتنى تا ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.
شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، پىچاق يەنە
ئۆزىنىڭ رەڭگارەڭ، نەپىس، پۇختا، زامانغا لايىقلاشقان
مەدەنىي ھۈنەر- سەنئەت بۇيۇمى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلى-
رى بىلەن يېقىن دوست- بۇرادەرلەرگە سوۋغا قىلىش، خا-
تىرە قىلىپ ساقلاش، كۆرگەزمە قىلىش قاتارلىق ئىشلار-
دىمۇ ئىشلىتىلىپ، يېڭىسار پىچىقىنىڭ شان- شۆھرىتىنى تې-
خىمۇ ئاشۇرۇپ، كۆپلىگەن خېرىدار ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ
ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى، شۇنداقلا ئىشەنچلىك، ئەتىۋارلىق
سوۋغات بۇيۇمىغا ئايلىنىپ، يىغىپ ساقلىغۇچىلارنىڭ ۋە
مۇزېيلارنىڭ قىممەتلىك بۇيۇمىغا ئايلاندى.

## خۇلاسە

ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىرىنىڭ تۈرلۈك تۇرمۇش
بۇيۇملىرى زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن دەۋرىمىزد-
مۇ يەنىلا ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر بۇيۇملىرىمىزنى تەرەققىي
قىلدۇرۇپ، زامانىۋىلىق بىلەن ئەنئەنىنى ناھايىتى ئۇستىلىق
بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ماددىي ۋە مەنىۋى قىممىتى يۇقىرى،
تۇرمۇشقا يېقىن بولغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىنى
ياساپ چىقىپ بازار رىقابەتلىرىدە پۇت تىرەپ تۇرالىشى
بىزنى تولىمۇ خۇرسەن قىلدۇ ۋە ئېپتىخارلاندۇرىدۇ.
شۇڭلاشقا ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە ئەسىرلىك ئىز-
دىنىشىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ مەدەنىيەت مىراسلىرى،
فولكلور بايلىقلىرىنى قوغداش، ۋارىسلىق قىلىش، جۈملى-
دىن يېڭىسار پىچاقچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ مۇكەم-
مەللەشتۈرۈش بىز ئەۋلادلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان
مەجبۇرىيىتىمىز، ئەلۋەتتە.
ئەسكەرتىش: مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت
تۈرك» تىن ئېلىنغان نەقىللەر سەل كۆپ بولغىنى ئۈچۈن
نەقىللەرنىڭ توم ۋە بەت سانى شۇ نەقىلنىڭ كەينىگىلا بې-
رىلدى ھەمدە نەقىللەر «دىۋان» نىڭ شىنجاڭ خەلق نەش-
رىياتى، 1980 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، (1 - تومى) ۋە
1984 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى (3 - تومى)دىن ئېلىندى.

ئىزاھلار:

① غەيرەتجان ئوسمان، «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»،
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007- يىل 5- ئاي 1- نەشرى،
175- ، 176- بەتلەر.

② د. تىخونوف (رۇسىيە): «مەركىزىي ئاسىيا تارىخىغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى




ئائىت ماتېرىياللار، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى 10 ـ، 14 ـ ئەسىرلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 103 ـ بەت.

③ رۇس ئالىملىرى كوللېكتىپ تۈزگەن: «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 187 ـ بەت.

④ يولۋاس مۇھەممەدئىمىن، «ئۆستى ئوچۇق مۇزېيى قەشقەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2007 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 305 ـ بەت.

⑤، ⑥، ⑦ رىشات گەنج، «قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 435 ـ، 436 ـ، 437 ـ، 439 ـ بەتلەر.

⑧ ئابدۇلئەزىز مەسۇم لاۋارى، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بۇيۇملىرىدىن يېڭىسار پىچىقى ھەققىدە ئىزدىنىش»، ئارگىنال نۇسخا.

⑨، ⑩ يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 203 ـ، 469 ـ بەتلەر.

⑪ شاڭ يەنبىن، «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» (ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2012 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 268 ـ بەت.

⑫ ھاجى نۇر ھاجى، «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى، 216 ـ بەت.

⑬ ليۇ زىشاۋ، «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 ـ قىسىم (2)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1060 ـ بەت.

⑭ «يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى» (يېڭىسار تارىخ ماتېرىياللىرى، 5 ـ توپلام)، 103 ـ بەت، سىياسىي كېڭەش يېڭىسار ناھىيەلىك كومىتېتى 2010 ـ يىلى 5 ـ ئايدا باستۇرغان.

⑮ يۇنۇس سەمەت تۈزگەن: «قەدىمىي دىيار ــ يېڭىسار» (يېڭىسار تارىخ ماتېرىياللىرى، 4 ـ توپلام)، 103 ـ بەت، سىياسىي كېڭەش يېڭىسار ناھىيەلىك كومىتېتى 2005 ـ يىلى 7 ـ ئايدا باستۇرغان.

⑯ يولۋاس مۇھەممەدئىمىن، «ئۆستى ئوچۇق مۇزېيى قەشقەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2007 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 306 ـ، 307 ـ بەتلەر.

⑰، ⑱ ئابدۇكېرىم رەھمان، «20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 66 ـ بەت .

⑲ ليۇ زىشاۋ، «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 ـ قىسىم (2)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1060 ـ بەت.

⑳ ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا، «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2000 ـ يىل 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى، 104 ـ بەت.

پايدىلانمىلار:

① ئابدۇكېرىم رەھمان، «20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

② يولۋاس مۇھەممەدئىمىن، «ئۆستى ئوچۇق مۇزېيى قەشقەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2007 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

③ «يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى» (يېڭىسار تارىخ ماتېرىياللىرى، 5 ـ توپلام)، 103 ـ بەت، سىياسىي كېڭەش يېڭىسار ناھىيەلىك كومىتېتى 2010 ـ يىلى 5 ـ ئايدا باستۇرغان.

④ يۇنۇس سەمەت تۈزگەن: «قەدىمىي دىيار ــ يېڭىسار» (يېڭىسار تارىخ ماتېرىياللىرى، 4 ـ توپلام)، 103 ـ بەت، سىياسىي كېڭەش يېڭىسار ناھىيەلىك كومىتېتى 2005 ـ يىلى 7 ـ ئايدا باستۇرغان.

⑤ ئابدۇكېرىم رەھمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار، «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2008 ـ يىل 4 ـ ئاي 2 ـ نەشرى.

⑥ ئىسرائىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم، «غەربىي يۇرت يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

⑦ ئابدۇكېرىم رەھمان، تۇرسۇنمۇھەممەد ساۋۇت، ئەسئەت سۇلايمانلار تۈزگەن، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر فولكلور مۇزېيى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

⑧ «شىنجاڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى توپلىمى» نى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن، «شىنجاڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى توپلىمى» (3 ـ قىسىم)، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى، 2012 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

ئابدۇشۈكۈر راشىدىن، «ئۇيغۇر پىچاقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ گۈل تاجى ــ يېڭىسار پىچاقچىلىقى توغرىسىدا»، «تۇرپانشۇنالىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2013 ـ يىللىق 2 ـ سان.

⑨ ھۈسەيىن ئاۋۇت، «يېڭىسار پىچىقى ۋە ئۇنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى»، مىراس ژۇرنىلى 2010 ـ يىللىق 1 ـ سان.

⑩ تۇرسۇن پازىل، «يېڭىساردىكى ئۈچ گۆھەر»، قەشقەر ژۇرنىلى، 2005 ـ يىللىق 3 ـ سان.

⑪ ئابدۇكېرىم رەھمان، ما دېيۈەن باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن، «ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2011 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

⑫ ۋېي لياۋتاۋ، «يەكەن خانلىقى تارىخىدىن بايان»، خېيلۇڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1994 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

ئابدۇلئەزىز مەسۇم لاۋارى، «يېڭىسار پىچىقى ھەققىدە ھېكايە»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2006 ـ يىللىق 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى سانى.

⑬ ئىبراھىم سەنئەت توردىكى ئەل ئوغلى يوللىغان «ئۇيغۇرلاردىكى ‹پىچاق› ئىشلىتىش مەدەنىيىتى» ناملىق ماقالە.

جۇرئەت ئابدۇخېلىل، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى پىچاقچىلىق قول ھۈنەر ـ سەنئىتى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2007 ـ يىللىق 2 ـ سان.


(ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتى سانائەت قۇرۇلۇشى فاكۇلتېتى 2010 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

# مەرھۇم ھىسام قۇربان ئاكىنىڭ
# ھاياتىدىن كۆرۈنۈشلەر















MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE

